ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

# مەسئۇد ۋە دىلئارا

ئاپتورى: نورۇز ئاخۇن زىيائىي    نەسرىيلەشتۈرگۈچى: رەخمىتۇللا جارى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

5

# مەسئۇد ۋە دىلئارا

ئاپتورى: نورۇز ئاخۇن زىيائىي
نەشرىيات مۇھەررىرى: رەخمىتۇللا جارى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن
بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2 (5)
كىتاب نامى: مەسئۇد ۋە دىلئارا
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: نورۇز ئاخۇن زىيائىي
نەشرىيلەشتۈرگۈچى: رەھمىتۇللا جارى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.375
نەشرى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1445 - 9
ئومۇمىي باھاسى: 106.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بەسىرنىڭ پادىشاھى مىرزەبان بالىسى يوقلۇقى سەۋەبىدىن يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلىپ، جانابى ئاللاغا يۈزلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ۋەزىر ۋە لەشكەر باشلىقلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پادىشاھتىن يالغۇز بولۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلىقى، پادىشاھ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، بۇلار مۇنەججىملەرنى يىغىپ، ئۇنىڭ تەلىيىدىن پال ئاچتۇرۇپ، يەمەن پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكى، مىرزەبان ئول پەرىۋش قىزنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن شاھزادە مەسئۇد دۇنياغا كەلگەنلىكى ........................................ 1

سابىت مەسئۇدتىن بۇ سىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتىسى مىرزەبانغا ۋەقەنى بىر - بىر سۆزلەپ بەرگەنلىكى، ئاتىسى ئوغلىغا توندىكى سۈرەتنى چۈشەندۈرۈپ، ئوغلىنى سەپەرگە چىقىشتىن توسقانلىقى، مەسئۇد بۇ سۆزگە ئىشەنمەي، يول تەييارلىقىنى قىلىپ، دىلئارانى ئىزدەش ئۈچۈن چىن شەھىرى تەرىپىگە دەريا بىلەن راۋان بولغانلىقى .................. 15

شاھزادە چىن شاھى بىلەن ۋىدالىشىپ قۇستەنتەنىيە تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانلىقى ۋە دەريا ئىچىدە تەتۈر شامال پەيدا بولۇپ، كېمىلەر غەرق بولغانلىقى، شاھزادە مەسئۇد بىلەن سابىتنىڭ كېمىسىمۇ پاچاقلىنىپ، بىر پارچە تاختاي

ئۇستىدە قالغانلىقى، بۇ ئىككىيلەن ئاۋارىچىلىك ۋە
سارىاسىمىلىك ئىچىدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ··· 25
شاھزادە رودۇپايلار گورۇھىدىن قۇتۇلۇپ، قىپچىشقا يۇزلەنگەنلى-
كى ۋە بۇ جاڭگاللاردا مايمۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى،
ئۇلار شاھزادىنى ئۆز پادىشاھى قېشىغا ئېلىپ بارغانلىقى ··· 40
شاھزادە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سەرەندىب پادىشاھىنىڭ قىزىغا بايان
قىلىپ، دىلئارا توغرۇلۇق سۆز باشلىغانلىقى، قىز دىلئارا بى-
لەن كۆرۈشكەنلىك خۇش خەۋىرىنى ئېيتىپ، ئاندىن شاھى
پەرىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، كېيىن ۋەسەت شەھىرىگە
يولغا چىققانلىقى ........................................ 54
شاھزادە مەسئۇد دىلئارانىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ پەرىشان
ئەھۋالدا قالغانلىقى، سەرەندىبنىڭ پادىشاھى شاھزادىنىڭ
كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئوۋغا ئېلىپ
چىققانلىقى، ئوۋدىن يېنىپ كېلىۋېتىپ سابىتنى سەرەندىبنىڭ
بىر كوچىسىدا ئۇچرىتىپ قالغانلىقى ........................ 67
شەھبال پەرى مەسئۇدنى شاھى پەرىنىڭ زىندانىدىن
قۇتۇلدۇرۇپ، ئىرەمباغقا ئېلىپ كېلىپ، بەش مەسىلە ئۇستىدە
سوئال سورىغانلىقى، شاھزادە ھەربىر سوئالغا توغرا جاۋاب
بەرگەندە، شەھبالنىڭ قىزى دىلئارانى مەسئۇدقا نىكاھ
قىلىپ بەرگەنلىكى ۋە پەرىزات لەشكىرى بىلەن ئاتىسى
پادىشاھ مىرزەبان قېشىغا ئەۋەتكەنلىكى ..................... 92

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەسىرنىڭ پادىشاھى مىرزەبان بالىسى يوقلۇقى سەۋەبىدىن يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلىپ، جانابى ئاللاغا يۈزلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ۋەزىر ۋە لەشكەر باشلىقلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پادىشاھتىن يالغۇز بولۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلىقى، پادىشاھ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، بۇلار مۇنەججىملەرنى يىغىپ، ئۇنىڭ تەلىيىدىن پال ئاچتۇرۇپ، يەمەن پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكى، مىرزەبان ئول پەرۋىش قىزنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن شاھزادە مەسئۇد دۇنياغا كەلگەنلىكى

نامى تولىمۇ مەشھۇر بىر پادىشاھ بار ئىدى، ئۇنىڭغا سان - ساناقسىز شەھەرلەر قارايتتى.

لەشكىرى ھېسابتىن تاشقىرى كۆپ، ھەربىر ئەسكەر باتۇرلۇقتا يەككە - يېگانە ئىدى.

بۇ پادىشاھ ئادىل، پۇقراپەرۋەر ئىدى، ئۇنىڭ رەھىملىكلىكى بىلەن بەختىيار ئىدى. خۇدا يولىدا خەير - ئېھسانلارنى

ئايىمايتتى، شۇنداقلا سېخىيلىق، ياخشىلىق قىلىشنى خالايتتى. ئۇنىڭغا قېرىلىق يېتىپ، ئۆمرى ئاخىرلاشماقتا ئىدى. لېكىن، شۇنچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ بىرەر پەرزەنتى يوق ئىدى.

بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى مىرزەبان بولۇپ، ئەقىللىق ۋە تولىمۇ پاراسەتلىك ئىدى. ئۆمرۈمنىڭ دەرىخى مېۋە بەرمەستىن تامام بولۇرمۇ، دەپ ھەمىشە ئەپسۇسلىناتتى.

ئۇ بىر خىلۋەت جايغا كىرىۋېلىپ، دۇئا ۋە تەلەپتە بولۇپ، پەرۋەردىگار دەرگاھىغا يىغا - زار قىلاتتى. ئۇنىڭ ھالىدىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىغاندى، ۋەزىر ۋە يېقىن كىشىلىرىمۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇ ئارىلىقتا نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، شاھ كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەتتە بولدى.

بۇ ئىشتىن ئاخىر ئۇرۇق - تۇغقانلىرى خەۋەر تاپتى، بۇ خەۋەر ئابرۇيلۇق ۋەزىرنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار يىغىلىپ، شاھنىڭ دەرگاھىغا كىردى - دە، ۋەزىرى شاھتىن سورىدى:

— پادىشاھىم، ساڭا نېمە ئىش بولدى، نېمە غەم كۆڭلىنى غەش قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ؟ بىزگە ئەھۋالنى بىر - بىر سۆزلەپ بەرگىن، بىز بۇنىڭ ياخشى چارە - تەدبىرىنى قىلايلى.

شاھ دېدى:

— كۆڭلۈمدە بىر غەم بار، بۇ غەم بىلەن دائىم كۆزۈم نەم. مەن شۇنچە ۋىلايەتلەرنىڭ شاھىمەنكى، خۇدايىتائالا زور شان - شەرەپكە ئىگە قىلدى. ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئورنۇمدا پادشاھ بولۇشقا پەرزەنتىم يوق. مەن ئۆلسەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېزىقى
www.uyghurkitap.com

جاھاندىن نامىم ئۆچمىسە، ۋىلايەتلەر زىيانغا ئۇچرىمىسا بولاتتى.

ۋەزىر شاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دېدى:

— بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى. شەھەرنىڭ بارلىق مۇنەججىملىرىمۇ — يۇلتۇزشۇناس، يۇلتۇزغا قاراپ پال ئاچقۇچى، تەلەيشۇناسلىرى ۋە ئۇستازلار يىغىلسۇن. ئۇلارغا بۇيرۇڭ، كىتابلىرىنى ئالغاچ كېلىپ، ئېتىبگىزنى ئاتاپ، پال ئاچسۇن. پالىڭىز قايسى شەكىلدە كەلسە، پۈتۈن ئەھۋالىڭىز مەلۇم بولىدۇ.

شاھ دېدى:

— ھەممە مۇنەججىملەر يىغىلسۇن، ئۇلارنى يىغىپ، خەۋەردار قىلىڭ.

ئەقىللىق ۋەزىر شاھنىڭ قېشىدىن چىقىپ، شاھنىڭ بۇيرۇقىنى چوڭ - كىچىك ھەممىگە يەتكۈزدى:

— قەيەردە يۇلتۇزشۇناسلار بولسا كەلسۇن، يۇلتۇزلار ئىلمىنى تەتقىق قىلسۇن.

قانچىلىغان دانا كىشىلەر يېتىپ كېلىپ، شاھنىڭ گىلىمىدە ئولتۇرۇشتى.

بىر ئاقىل مۇنەججىم چاي ئوتلاپ تۇرۇپ، كىتابىنى ئاچتى - دە، پال سېلىشقا باشلىدى.

پالچى دېدى:

— ئەي ئالەمنىڭ پادشاھى، قۇلاق سال، ياخشى پال چۈشتى، ئۆمرۈڭنىڭ قۇياشى زاۋال تاپماستا، يەمەن پادشاھىنىڭ قىزىغا

ئۆيلەنسەڭ، مۇرادىڭنىڭ ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرى قولۇڭغا كېلىدۇ.

پادىشاھ بۇ كۆڭۈللۈك سىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەزىرگە قاراپ، مۇراجىئەت قىلدى:

— بۇ يەرگە كەلگەن مۇنەججىملەرنىڭ ھەممىسىگە كاتتا ھۆرمەت ـ ئىھتىرام كۆرسىتىڭ، بۇلارغا مەھكىمە ئىچىدە زىياپەت بېرىڭ، ھەربىرىگە مىڭ تىللادىن ئاقچا ئىنئام قىلىڭ.

ۋەزىر شاھنىڭ سۆزىنى ئادا قىلىپ، دېگەن ئاقچىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەمەن شاھىغا نامە پۈتۈپ، ئۇنىڭ قىزىنى سوراتماقچى بولدى. بىرنەچچە لايىق كىشىنى، لايىق كىشىنى ئەمەس، بەلكى ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى يەمەنگە بېرىشقا تەيىنلىدى. مىرسالىھ ئىسىملىك بەگ چېچەن بىر كىشى بولۇپ، ھەرقانداق ئىشنى ئورۇندايتتى. ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى:

— بۇ ئىشقا سىز بېرىڭ، شاھقا قوپال سۆزلەپ قويماڭ، ئىلاجىڭكى بار يالۋۇرۇڭ.

شاھلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، بىر قانچىلىغان تۆگىنى بېزەپ جابدۇشتى. ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بىر قاتاردا ھېسابسىز يىپەك رەختلەرنى ئېلىپ مېڭىشتى.

بۇلارنى قوغداپ مېڭىشقا ساناقسىز لەشكەر ھەمراھ قىلىنغان ئىدىكى، ھەربىرى باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار يەمەن شەھىرىگە يۈرۈپ كەتكەندىن يول كېزىپ، يەمەنگە يېقىنلاشتى. يەمەننىڭ بىر چېتىدە، شەھەردىن بىر كۈنلۈك يىراقتا بىر ديار بار ئىدى. ئۇلار شۇ يەرگە چۈشۈپ ئورۇنلاشتى، يەمەن شاھى بۇلاردىن خەۋەر تاپتى:

«پالان يەرگە كۆپ كىشى كېلىپ چۈشۈپتۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار قوشۇن ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سوراپ، ياخشى - يامان گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن تېز چىقىپ، جاكار قىلىڭلار، پۈتۈن قوشۇن شەھەرگە كېلىپ يىغىلسۇن!»

جاكارچى چېرىكلەرگە جاكار ئېلان قىلدى، بۇ جاكارنىڭ ساداسىنى شۇ كۈنىلا ھەممىسى ئاڭلىدى. ھەممە لەشكەرلەر يىغىلغاندا، ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆپ لەشكەرلەر سېپى ھاسىل بولدى. شۇ پەيتتە مىرسالىھ غەيرەت بىلەن يەمەن شەھىرىگە يۈرۈپ كېتىۋېتىپ دېدى:

— ئالدى بىلەن بىر كىشى بېرىپ، يەمەن شاھىنىڭ قېشىغا كىرسۇن. ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىپ، كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتسۇن، سوۋغاتلارنى ئالدىغا قويسۇن.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئىش بىلەرمەن كىشى بار ئىدى، شۇ ھامان ئۇنى ماڭدۇردى. ئۇ شەھەرگە تېز كېتىۋېتىپ، شاھنىڭ تەكشۈرۈش قورۇلىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ شاھنىڭ ئالدىدا بىر - بىرلەپ سۆز ئېچىپ، بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىلدى. بۇ سۆزنى يەمەننىڭ ھۆكۈمرانى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ

ئادەملەرگە چۈشىدىغان جاي تەييارلاشنى بۇيرۇدى. ھەممە شاد - خۇرام بولۇپ، غەمدىن خالاس بولدى، پۈتۈن كۆپچىلىك تېخىمۇ كۆپ سۆيۈندى. ئاندىن مىرسالىھنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىشتى، ئۇلارنىڭ ئىشى مىرسالىھنى ئەكىلىش ئىدى.

ئۇ ئۆزىنى ئەدەپلىك تۇتۇپ، بەك تەكەللۇپ كۆرسىتىپ، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن شەھەرگە كىرىپ چۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن مىرسالىھ پادىشاھقا مەقسەتنى چۈشەندۇرىدىغان ۋەكىلدەك كۆرۈندى. ئۇ بەسىر شاھى يازغان مەكتۇپنى دەرھال چىقىرىپ، پادىشاھقا سۇندى. يەنە نۇرغۇن سوۋغاتلارنى قويدى، يەمەن شاھى بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش بولدى. مەكتۇپنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ كەتتى. دېدىكى:

— ئۇنىڭ ئەمرىنى جان - دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا جۈپلەشتۈرەي. بەسىر پادىشاھى شاھلارنىڭ ئەڭ ئالىيسى، لېكىن قىزىم ئۇنىڭغا تازا لايىق ئەمەس. ئۇ ھازىر ھەرەمخانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بەزى كەم - كوتا ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈشىمىز كېرەك. پادىشاھ بىزگە چوڭ ئىلتىپات قىلغانىكەن، قىزىم ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا خىزمىتىدە بولسۇن.

يەمەندە چوڭ بىر قونالغۇ جاي بار ئىدى، بۇ يەرگە شاھ ئالىي ئورۇندۇقلارنى قويدۇرغانىدى. بىر ئەمەلدار ئاشۇ قونالغۇ تەرەپكە باشلىدى. بۇ بىر گۇرۇھ كىشى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. شۇنداق لەززەتلىك غىزالارنى يېيىشكە باشلىدىكى، ھەربىر غىزاسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېسەلگە داۋا ئىدى. يەنە شۇنداق ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈشتىكى، بۇ كىيىملەرنىڭ ھەربىرى قۇندۇز ياقىلىق ئىدى. سازەندە بىلەن شاراب كەلتۈرۈشتى، ياخشى پىشۇرۇلغان كاۋاپنى تەييارلاپ تۇرۇشتى.

بۇلار نەچچە كۈنگىچە بەزمە ـ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئاخشامدىن تاڭ يورىغۇچە كۆڭلىنى خۇش قىلىشتى. زىياپەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن مىرسالىھ ئەمىرنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى، ئوردىغا كىرىپ ھەممە گەپ ـ سۆزلەرنى بايان قىلدى، بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈش بەك زۆرۈر ئىدى.

يەمەن شاھى مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەگەر ئۇ يەردىكى ئىشىڭ ئالدىراش بولسا، شەھەردە يەنە ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۇر، مەن مۇھىم ئىشلىرىمنى پۈتكۈزۈۋالاي.

بۇلار يەنە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئىچكىلىكۋازلىقنى داۋاملاشتۇردى.

يەمەن شاھى تەييارلىقلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قىزىنى بۇلارغا قوشۇپ قويدى. بىر قانچىلىغان قىزلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدىكى، بۇلار ھۆر ـ پەرىدەك گۈزەل، چىرايلىق ئىدى. مىرسالىھقا سان ـ ساناقسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ: «خەير ـ خوش» دەپ خەيرلەشتى.

بۇلار ئوردىدىن چىقىپ بەسىرگە يول ئالدى، يول ئۈستىدە بوراندەك تېز يۈرۈشتى. بەسىر شاھى بۇلاردىن خەۋەر تاپتى، يەمەندىن بىر ئاق بەدەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇقتى. سان ـ

ساناقسىز كىشىلەرنى ئالدىغا چىقىرىپ، «تېزرەك بېرىپ كۆتۈۋېلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇلار ناخشا ـ قوشاق ئېيتىپ، قارشى ئېلىشقا چىقىشتى، سازەندىلەر بىلەن ئۇسسۇلچىلار داغدۇغىنى ئاشۇردى. ئاخىر بۇ ئىككى توپ كىشىلەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، چوڭ تەنتەنە ۋە مېھرىبانلىق بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار بەسىرنىڭ چېگراسىغا خۇشال ـ خۇرام يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ تۇپرىقىغا قاينام ـ تاشقىنلىق بىلەن كىرىشتى. ئاندىن شەھەرگە سىلىق يۈرۈش قىلىپ، ئوردا ئىچىگە ھەممىسى كېلىپ چۈشتى.

پادىشاھ ئۇ ئاق بەدەننى چىقىپ كۆرۈپ، بىر كۆز يۈگۈرتۈش بىلەنلا ئاشىق بولدى. شاھ بەزم ـ توي ئۆتكۈزۈپ، قىزنى نىكاھىغا ئالدى، كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن مۇرادى ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ قىز ھەرەمخانا ئىچىدە كامالەت تېپىپ، بالا كۆرۈشكە ھامىلىدار بولدى.

ئارىدىن نەچچە ئاي، نەچچە سائەت ئۆتۈپ، بۇ قىزدىن بەخت قۇشى (بۈركۈتتەك ئوغۇل) دۇنياغا كەلدى. شۇ كېچىسى خۇدا مەرھەمەت قىلىپ، ۋەزىرگىمۇ بىر پەرزەنت ئاتا قىلدى.

پادىشاھ نەچچە تۈرلۈك داستىخان راسلاپ، ھازىر بولغانلار: «بۇلارغا ياخشى ئىسىم قويۇڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ھەممەيلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، شاھنىڭ ئوغلىغا «شاھى مەسئۇد

دېسەك ياخشىراق بولۇرمىكىن» دېيىشتى.

ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا «سابىت» دەپ نام قويۇپ، شاھزادىگە ئىمىلداش قىلىپ قويدى.

پادىشاھنىڭ مەسئۇدقا ئامراقلىقى تۇتۇپ، ئۇنىڭ تۇرار جايىغا راۋاق ياستىپ بەردى. ئىنىكئانا بولارنى پەرۋىش قىلىش بىلەن بىرنەچچە ياز ـ قىش ئۆتۈپ كەتتى.

پادىشاھ مۇنەججىملەرنى يىغىپ دېدى:

ـــ خۇدا مۇنداق گۆھەرنى ئاتا قىلغانىكەن، ئۇنىڭ تەلىيىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، كۈنىنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقى ئۈستىدە پال ئېچىپ كۆرۈڭلار.

مۇنەججىملەر كىتاب كۆرۈپ پال ئېچىپ، پادىشاھقا مۇنداق جاۋاب قىلدى:

ـــ بۇ پەرزەنتىنىڭ ئۆمرى كۆپ ئۇزۇن بولىدۇ، شۇنىڭدەك نۇرغۇن مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرىدۇ. لېكىن، ئاقىۋەتتە مۇرادىنى تاپىدۇ، دېگەن يەرلىرىگە بارىدۇ. ئورنىڭىزدا يەنە پادىشاھ بولىدۇ، ياخشى دۆلەت كۆرۈپ، ياخشى يول تاپىدۇ.

بەسىر شاھى بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، غەمدىن يۈزى بېھەدەك سارغىيىپ كەتتى.

مەسئۇد يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئاندىن مىرزەبانىنىڭ ئېشى ئاش بولدى. ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، كەمتەرلىك، يۇمشاق مۇئامىلىلىكنى ئۆگىنىشۇن ئۈچۈن مەكتەپكە بەردى. قىسقا مۇددەت تەلىم ئېلىپ، ھەممە ئىلىملەرنى مۇكەممەل

ئۆگەندى. ھەممە ئىشنى ئۆز قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. قولىغا يا ئېلىپ ئوق ئاتماقچى بولسا، ئۇچقۇر ئات ئۇستىدە چېپىپ كېتىۋېتىپ، ھەرقانداق نىشانغا ئوقنى تەگكۈزۈپ، كۆڭلىدىكى مەقسىتىگە ئېرىشەتتى.

بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ يېشى ئونغا تولدى، مىرزەبان ئۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەيتتى.

ــ كۆزۈمنىڭ نۇرى، كۆڭلۈمنىڭ راھىتى، خۇدا ساڭا ئاپەت بەرمىسۇن، ــ دەيتتى ئىچىدە.

بىر كۈنى مىرزەبان شاھ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوغلىنى بۇ ئولتۇرۇشقا ئەكەلدۇردى. خەزىنە ئىچىدىن (شاھانە تون، مېھرىبانلىق بىلەن يەنە بىر ئۈزۈك كەلتۈردى، مىرزەبان بۇلارنى مەسئۇدقا بەرگەندە، ئۇ دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ توننى كىيدى، ئاندىن ئۈزۈكنى قولىغا سالدى ـ دە، بۇلارنى ئالغاندىن كېيىن ئاتىسىغا تەزىم قىلدى.

شاھ دېدى:

ــ سۆزۈمنى ئاڭلا، ئوغلۇم، ئۈزۈك بىلەن توندىن خەۋەر ئېلىپ تۇر. ماڭا ئۇلۇغ خۇداۋەندە كېرىم مەرھەمەت قىلىپ، پادىشاھلىقنى بەرگەندى، قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، پۇقرالارغا ۋاپادارلىق قىلدىم، يۇرتتىن جەبىر ـ زۇلۇم كۆتۈرۈلدى، مېنىڭ بۇ خىل ئىشلىرىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، پەيغەمبەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۈزۈك بىلەن تونىنى ھەدىيە قىلىپ مېنى كۈچلۈك

هاجىتىمىدىن چىقاردى.

مەسئۇد رۇخسەت ئېلىپ ئۆيگە قايتتى ـ دە، ئەكەلگەن نەرسىلىرىگە بىر ـ بىر قاراپ چىقتى، توندا ئاجايىپ بىر سۈرەت بار ئىدى، ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى پەرىدەك گۈزەل ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ ئاشىق بولدى ـ دە، سوغۇق ئاھ تارتتى، ئۇنىڭ پۇرقىتىدە يۈزى سامانىدەك سارغايدى. مەسئۇد ئالىي سارايدىن چىققاچ، كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر ئۆيىنى تاپتى. ئۇ بۇ يەردە يېتىپ ئاھ ئۇراتتى، يىغان چېكەتتى، گاھىدا كۆڭلى پەرىشان بولۇپ يىغلايتتى. شاھزادە يىغا ـ زار بىلەن بولۇۋاتقاندا، ھېچكىم بۇ پىنھاندىكى ئىشتىن خەۋەر تاپمىدى. بىر ئىنىكئانىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ قېرىنداش بولغان ئېمىلداش سابىت دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. مەسئۇد ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلاتتى، سابىت ئۇنىڭغا ئارتۇق ۋاپادار ئىدى. سابىت كىرىپ قارىسا، مەسئۇد ئۆيىدە يوق، كېچە ـ كۈندۈز ياتىدىغان ئۆيى مۇشۇ ئەمەسمىدى.

خاس ئۆيگە كىرىپ ھەممەيلەن ئىزدەشتى، شاھزادىدىن ھېچقانداق ئىز تاپالمىدى. سابىت ئۇنىڭ ئىشقىنىڭ قوشۇنى ئەسىر قىلىپ، ئىختىيارىنى ئاپتۇ دەپ ئويلىدى. ياكى بىر كېنىزەك بىلەن خىلۋەتتە ماكان تۇتتىمىكىن، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنى خالىيغا ئالدىمىكىن شۇ چاغدا بىر يەردە «ئاھ!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ لاچىن بىر تەرەپتە ئاھ چېكىۋاتاتتى. بۇ ئۇنى باتۇر يۈرەك سابىت ئاڭلاپ، ناھايىتى تېز ئۆيگە كىردى ـ دە، مەسئۇدنى كۆردى.

ئۇ دېدى:

— شاھزادە، ساڭا نېمە بولدى؟ كۆڭلۈڭدىكى مەقسەتنى ماڭا بايان قىلساڭچۇ؟

مەسئۇد ھەممە ئەھۋالىنى سابىتقا دېدى، سابىت ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاتىسىغا يەتكۈزدى. (پادىشاھ) بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەرىشان بولۇپ، ئۇنىڭغا تون بەرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. مىرزەبان ئوغلىنى كۆرۈپ يىنىپ كەلدى ـ دە، شۇ زامان «مۇنەججىمنى چاقىرىڭلار» دېدى. ئۇ كۈنى يۇلتۇزشۇناس يېتىپ كەلگەندە پادىشاھ بۇلارغا مۇنداق دېدى:

— كۆز نۇرۇمنىڭ ئىشىغا بىر ئىلاج قىلىڭلار، — پادىشاھنىڭ مۇنەججىمگە بولغان ئېھتىياجى شۇ ئىدى.

بۇ تەلەپ بىلەن مۇنەججىم كېچە ـ كۈندۈز ئىسمى ئەئزەم ئوقۇدى، ئىسمى ئەئزەمنى شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن ئوقۇدى. ئەمما، مەسئۇد ھېچ ساقايمايتتى، ئەھۋالى سۇسلىشىپ، سالامەتلىكى تۆۋەنلەپ باراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئاتىسى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا ھەيران بولدى. ئۇنىڭ ئىشى كېچە ـ كۈندۈز نالە ـ زار قىلىش بولدى، ئەمما، سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماس ئىدى. مىرزەبان شاھ ھەيرەتتە قالدى، كۆڭلى بىردەممۇ شاد ئەمەس ئىدى.

مىرسالىھ دېدى:

— ئەي شاھ، غەم يېمە، كۆز يېشىڭ بىلەن كىيىمىڭنى نەم قىلما. شاھ مەسئۇد كۆپ غەم ـ قايغۇ ئىچىدە قالغان بولسا،

سابىت بىرىپ ئۇنىڭدىن سورىسۇن. قانداق دېسە، بىز ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، نېمە كەتسۇن، ئۇنىڭ بېشىنىڭ سەدىقىسى بولار.

سابىت بېرىپ ئۇنىڭ ھالىنى سورىدى، ئەمما مەسئۇد ئەسلىي ئەھۋالنى دېمىدى. بۇ چاغدا سابىت قولىغا شەمشىرنى ئېلىپ:

— ئۆزۈمگە ئاياۋسىز ئۇرىمەن، — دېدى.

مەسئۇد شەمشەرنى كۆرۈپ:

— ھاي - ھاي، مېنى تەڭلىكتە قويما، ياخشى پىكىرلىك دوستۇم، — دېدى.

ئۇنىڭغا يەنە سۆزنىڭ ئۇچۇقىنى دېمىدى، سۆزۈمنى ئاڭلاشتىن كۆڭلۈڭنى ئۈز، دېدى.

سابىت ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەرنى دېدى:

— نېمە سەۋەبتىن سىرىڭنى ماڭا دېمەيسەن؟ ئىككىمىز بىر ئەمچەكتىن سۈت ئەمگەنىدۇق، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ يۈرىكىمنى ئوق بىلەن زەخىملەندۈرمە. ئەگەر سەن سۆزۈڭنى بۈگۈن دېمەي تۇرۇۋالساڭ، تىنىمگە شەمشەر ئۇرسام، لام - جىم دېمە!

سابىت شەمشىرنى يەنە ئېلىپ، نالە - زار قىلغانىدى، مەسئۇد دېدى:

— توختاپ تۇر، ئاشكارا قىلاي، سەن بۇ سىرلاردىن خەۋەر تاپساڭ، ھەممە نەرسىدىن ماڭا ئوخشاش كېچىسەن. ھېلىقى توندىن ماڭا بىر بالا كۆرۈندى، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇپتىلا

بولمىغايسەن.

سابىت دېدى:

— بېشىمغا ھەرقانداق بالا كەلسە، خۇدا ئۈچۈن مەن كۆتۈرەي. سىرىڭنى ماڭا مەلۇم قىلمىساڭ، مەن سېنىڭ ئېمىلدىشىڭ بولماي كېتەي، يارىڭمۇ بولماي. مەن كېچە - كۈندۈز خۇشاللىقتا كۈن ئۆتكۈزسەم، ساڭا مۇنداق كېسەللىك، ھارغىنلىق يەتسە، ماڭا تىرىكلىكنىڭ نېمە لازىمى بار، ئۆلۈم لايىقتۇر. بېشىمغا نېمە كەلسە رازىمەن.

مەسئۇد دېدى:

— ئېتىقادىڭ شۇنداق بولسا، سۆزۈمنى دەي، كېيىن داد - پەرياد قىلما. ئاشۇ كۈنى دادام ماڭا بەرگەن تونغا بىر سۈرەت سىزىلغانىكەن، بۇ سۈرەتكە كۆزۈم چۈشۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئىشقىدا يۈزۈم سارغايدى. ئەي ساقىي، كەل، ماڭا يار بول، شاھلىقىمنى بېشىڭغا چاچقۇ قىلاي. مەي ئىچىپ، ھوشسىز سەرگەردان بولاي، دىلبەرنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقاي.

سابىت مەسئۇدتىن بۇ سىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتىسى
مىرزەبانغا ۋەقەنى بىر ــ بىر سۆزلەپ بەرگەنلىكى،
ئاتىسى ئوغلىغا توندىكى سىرەتنى چۈشەندۈرۈپ،
ئوغلىنى سەپەرگە چىقىشتىن توسقانلىقى، مەسئۇد
بۇ سۆزگە ئىشەنمەي، يول تەييارلىقىنى قىلىپ،
دىلئارانى ئىزدەش ئۈچۈن چىن شەھىرى
تەرىپىگە دەريا بىلەن راۋان بولغانلىقى

قەلەم ئۇستازى سۆز سورىغۇچىغا جاۋاب بېرىپ شۇنداق يېزىپتۇركى، شاھ مەسئۇد دۇردانە چاچتى، يەنى سىرنى ئاشكارىلىدى، سابىت بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتىسىغا بىر - بىر بايان قىلدى، يوشۇرۇن سىرنى ئايان قىلدى. شاھ مىرزەبان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سابىتقا مۇنۇ سەرگۈزەشتىنى سۆزلەپ بەردى:

— بىر كۈنى ئوردىدا بەزمە ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم، توساتتىن قۇلىقىمغا چوڭ بىر ماجىرا ئاڭلاندى. شۇ ئەسنادا كۆكنىڭ يۈزىنى تۇمان قاپلاپ كەتتى، غەلىتە يات ئاۋاز چىقىراتتى. بىر سائەتتىن كېيىن غۇبار يوقالدى، ئاندىن بىر ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن يۈرىكىم جىغ قىلىپ كەتتى، غەمنىڭ

تېغى بېشىمغا يىقىلغاندەك بولدى. بۇ ئىشقا ئىلاج تاپالمايتتىم، يورۇق جاھان كۆزۈمگە قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئاندىن يەتتە پەرى سالام قىلىپ: «ئەي شاھ، ئامان ـ ئېسەن تۇرامسىز؟» دەپ تىنچلىق سورىدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

ـــ ھەقنىڭ پەيغەمبىرى، يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سىزگە سالام يوللايدۇ، مۇنۇ تون بىلەن ئۇزۇك ئۇنىڭ سىزگە قىلغان تۆھپىسى، تون يىپەكتىن، ئۇزۇك نۇر چېچىپلا تۇرىدۇ.

مەن ئۇزۇك بىلەن توننى قولۇمغا ئېلىپ، باش ئېگىپ تەزىم قىلدىم. بىردىن سۈرەتكە كۆزۈم چۈشتى، بۇ بىر سۈرەت ئەمەس، نۇرجامال ئىكەن، ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار بولدۇم، ئۇنى كەلتۈرۈشنى خالاپ قالدىم. پەرىلەردىن سوراپ، سۈرۈشتە قىلىش بىلەن ئۇنى ئەكەلدۈرۈشنى ئۆتۈندۈم. پەرىلەر ماڭا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـــ بۇ ئاي يۈزلۈك شەھبالنىڭ قىزىدۇر. ئېتى دىلئارا، سىيماسى ئۇلۇغۋار، بۇ تونغا ئۇنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى پەرىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ھەممە دىۋە ـ جىنلارنىڭ ئۇلۇغ باشچىسى. ئۇنىڭ ماكانى ئىرەم باغدۇر، قىزىمۇ پەرىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە. پەرىلەر بۇ قىزدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئاسمانغا ئۇچۇشقا جۈرئەت قىلدى. ئۇزۇك بىلەن توننى ساندۇقچاققا سېلىپ، ئەكىلىشتى ـ دە، قەلئە سېپىلىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ كېتىشتى. ئۇنى شۇنداق قەدىرلەپ تۇتاتتىم، ھەممە مۇلۇكلەردىن ئاشۇ كۆڭلۈمگە ياقاتتى. شاھزادە

كۆرگەن سۈرەت ئاشۇ سۈرەتنىڭ ئۆزى. ئەمدى بۇنىڭغا قانداق چارە قىلىمىز؟

مىرسالىھ دۇردەك سۆز تۆكۈپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇدرەتلىك شاھىم، ساڭا خۇدايىتائالا تەخت بىلەن تاج ئاتا قىلغانىكەن، ئەگەر بۇيرۇساڭ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىمىز. ئۇنى ئىزدەشكە كىشى ئەۋەتەيلى، ئۇلارنىڭ ئىشى خەۋەر تېپىش بولسۇن.

شاھ مىرزەبان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دېدى:

— سىزنى خۇدايىم ئامان قىلسۇن، بۇ سۆزلەرنى شاھزادىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ، ئۇنى مەي ئىچىشكە قىزىقتۇرۇڭ. پەرىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىمىزنى ئۇنىڭغا دەڭ، بىرنەچچە نوپۇزلۇق كىشىلەر سەپەرگە چىقسۇن. بىر يىل مۇددەت جاھاننى كېزىپ، پەرىلەر ماكانىنىڭ تاغ - داۋانلىرىدىن ئېشىپ، ھەيرانلىقتا كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئۇ يەرنى تېپىشقا چارە ئويلاپ، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالغان پەرىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ يېنىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس. ئۇنى ئەكەلدۇرۇشكە سەۋەب قىلايلى. (سابىت) سىزمۇ بۇ مەقسەتكە يېتىش تەلىپىدە بولۇڭ. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپ، پىراق ئوتى دىلىدىن كۆتۈرۈلىدۇ.

سابىت گەپ تۈگىگەندە شاھنىڭ قېشىدىن چىقىپ، بۇ سۆزلەرنى مەسئۇدقا بايان قىلدى. مەسئۇد تولىمۇ خۇشال بولدى - دە، غۇنچىدەك كۈلۈپ:

— ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە سەۋر قىلايلى، — دېدى.

مەسئۇد دىلئارانىڭ ئىشقى بىلەن مەست ئىدى، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى تىندى.
ئەمدى شاھ مىرزەباننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاڭلاركى، يۇقىرىدىكى سەۋەبلەردىن ئۇنىڭ كۆز يېشى قانغا ئايلانغانىدى.
ئۇنىڭ بىر ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپ، ئېتى ئىختىيار ئىدى، چوڭلۇقتا بەك شۆھرەت قازانغانىدى. ئۇنىڭغا «قىش ـ ياز جاھاننى كېزىڭ» دەپ تۈمەن مىڭ لەشكەرنى قوشۇپ قويىدى. كىمكى ئىرەم باغدىن خەۋەر بەرسە، سېخىيلىق بېغىدىن ياخشىلىق كۆرستىمەن. ئۇ كىشىنى چوڭ كۆرۈپ، يۈز تۆگە ئۇنچە ـ مەرۋايىت بېرىمەن.
ئىختىيار سان ـ ساناقسىز ئىنئام ئېلىپ، پۈتۈن قوشۇن بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار جاھاننى شامالدەك تېز ئايلىنىپ، خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ھەممە شەھەرلەرنى كەزدى. لېكىن، ئىرەم باغدىن بىر نىشان تاپالماي يېنىپ كېلىشتى. شاھ مىرزەبان بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— بۇ ئىشنى ئاشكارا قىلماڭلار، مەسئۇد ئاڭلاپ قالسا بىئارام بولىدۇ، — دېدى.
قايتىپ كەلگەنلەر سۆزىنى مەخپىي تۇتتى، لېكىن مەسئۇدنىڭ يېشى سەلدەك ئاقتى. ئىختىيار ۋە يەنە نەچچە كىشى ئۇنىڭغا:
— ئۇ يەردىن خەۋەر تاپتۇق، — دەپ قويدى.
لېكىن، شاھزادە بۇ گەپكە ئىشەنمىدى، پەرىنىڭ ئىشقىدا

گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. پادىشاھ ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:
ــ سەن كۆڭلۈم ئاسمىنىدا تولۇن ئايسەن. ساڭا نەچچە قېتىم پەند ـ نەسىھەت قىلغانىدىم، پەرىنىڭ ئوتىدا كۆيسەڭ، ئۆزۈڭنى خاراب قىلىسەن. يوق كىشىگە مۇنچىلىك مۇشەققەت تارتساڭ، نازۇك تېنىڭگە ئازاب سالىسەن. كۆزۈڭدىن قان ـ ياش تۆكسەڭمۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز نىشان تاپالمايسەن. ئۆمرۈڭ قۇياشى پاتمىسىلا سەن يەنە ياش كۆچەتسەن. ئەگەر خالىساڭ، ياخشى بىر قىز تاپاي، ئادەملەر ئىچىدە گۈل يۈزلۈكلەر تولا، پاراسەت ئىگىلىرى ئەتراپقا يۈزلەنسۇن، ئوردا ۋەزىرلىرى ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەكەلسۇن. قايسى چىرايلىق بولسا، چىرايلىق بولۇپلا قالماي، سۆيۈملۈك بولسا، شۇنى جۈپ قىلاي. ئۆي ـ روزغار ئىشىنى ئىختىيار قىلساڭ، تەختكە چىقىپ، ئورنۇمدا ئولتۇر.
شاھ مەسئۇد مۇنداق جاۋاب بەردى:
ــ جامالى قۇياشتەك نۇرلۇق بولسىمۇ، پەرىلەرگە ...وخشىمايدۇ. ئىنسان دېگەن پەرى بىلەن تەڭ بولالمايدۇ، تاشنى ...انداقمۇ گۆھەر بىلەن ئوخشاتقىلى بولسۇن؟ ئاتا، ساڭا ئەرزىم ...ۇكى، ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۆزۈم سەپەرگە چىقاي. تاپالىسام ...ۆپ شان ـ شەرەپكە ئىگە بولىمەن، ئانداق بولمىغاندا، ...شىڭىزغا قايتىپ كېلىمەن. مۇبادا يولدا قازاغا ئۇچراپ ...لسام، مەندىن رازى بولۇڭ، ئەي ئاتا.
شاھ بالىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاچ، كۆزىگە ياش ئېلىپ،

قاتتىق ئاھ ئۇردى. (مىرزەبان) دېدى:
— ئەي جاندىن ئەزىز ئوغلۇم، نېمە سەۋەبتىن مۇنداق سۆزنى قىلىسەن؟ تەختكە چىقىپ، ئىز باسارىم بول، سېنىڭ خىزمىتىڭگە جان پىدا قىلاي. يەنى سەن مەملىكەتكە پادىشاھ بول، مەن ئۇ پەرىنى تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقاي.
شاھزادە دېدى:
— ئەي ئاتا، شۇنى بىلىڭكى، خۇدانىڭ ئالدىدا بۇنداق قىلىش كۆپ خاتا. پەرزەنت ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش كېرەك، ئاتا بولغان كىشى بالىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى كېرەك ئەمەس. بۇ ئىشلار پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن، خۇدا ۋۇجۇدۇمنى غەم ئارىلاش يارىتىپتىكەن. خۇدانىڭ تەقدىرىگە ھېچكىم ئىلاج قىلالمايدۇ. مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى تاج كىيگەن پادىشاھ بولسۇن، ئوخشاش، ئۆزۈم ئىزدەشكە ئىجازەت بېرىڭ، يول جابدۇقىغا خىراجەت بېرىڭ.
مەسئۇد يىغلاپ تۇرۇپ بۇ جاۋابنى قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى سىرىنى ئاشكارا قىلدى. مىرزەبان نېمە دېيىشىنى بىلمەي، كاللىسى قايدى، گويا بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولدى. (مەسئۇد) يەنە دېدى:
— مەن دەرياغا چۆشۈپ چىن تەرەپكە ئاقىمەن، ماڭا بىر نەچچە چوڭ كېمە تەييارلاپ بېرىڭ، نېمە لازىم بولسا، شۇنى ئالاي.
شاھ مىرزەبان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇئانلا:

ــ ياغاچىلار يىغىلسۇن، ــ دەپ بۇيرۇق بەردى.
ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە تېز قەدەم تاشلاپ، ھەممە ياغاچىلار يېتىپ كېلىشتى. بەش - ئون كۈن ئىچىدە يەتتە يۈز كېمە تەلتۆكۈس تەييار بولدى.
باشقا سەپەر جابدۇقلىرى پۈتكەندىن كېيىن تەييارلانغان كېمىلەر ئېرەمباغ تەرەپكە يول ئالدى. ئاتىسى رۇخسەت بېرىپ، دۇئا قىلدى، مەسئۇد «ئامىن» دەپ ئىلتىجادا بولدى. ئاتا ۋە ئانىسى ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، ئېمىلدىشى سابىتنى قوشۇپ قويدى. ھېلىقى يەتتە يۈز كېمىنىڭ ھەربىرى ئالىي قەسىر، بىنالارغا تەڭ ئىدى.
ھەربىر كېمىگە نەچچە يۈز كىشى ئولتۇرۇپ، بىللە بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى. شاھزادە دەرياغا چۈشۈپ سەپەر قىلغان تۇرۇقلۇق كېمە ئىچىدە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى.
خوشلىشىش ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى ۋە ئەل - يۇرت يىغا - زار قىلىپ، كۆزىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆككەندى. ئاتىسى:
ــ كۆزۈمنىڭ نۇرى، مېنى ئۇنتۇما، سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم، ــ دېگەندى.
شاھزادە ئاھۇزار قىلىپ:
ــ خۇدايىم مېنى خىزمىتىڭگە يەتكۈزگەي، ــ دېگەندى. مىرزەبان ئوردىسىغا يېنىپ كەلدى، ئۇلار دەريا ئىچىدە يولغا راۋان بولدى.
پادشاھ پەرزەنتى قېشىدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە

خىلۋەت ئۆيىنى پاناھ قىلدى.

شاھزادە بولسا كېچە ـ كۈندۈز تىنىمسىز يول يۈرۈپ، قىرىق نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. شۇ جەرياندا چىن مەملىكىتىگە تەۋە قىرغاقتا توختاپ ئۆتكەندى، چىن خاقانى بۇلاردىن خەۋەر تاپتى. چىن پادشاھى بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـــ ھەممە دەرۋازىنى ئېتىڭلار! ـــ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

مەسئۇد كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى ئەل ـ يۇرتقا خەير ـ ئېھسان قىلدى. خەلققە زەرەر يەتكۈزۈشتىن ساقلانغان ھالدا خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن دائىم شاراب ئىچەتتى. شۇ ئارىدا چىن شاھىدىن بىر ئادەم چىقىپ سوئال سورىدى:

ـــ قايسى يولدىن كەلدىڭلار؟ شەھىرىڭلارنىڭ ئېتى نېمە، شاھىڭنىڭ نام ـ نەسەبى قەيەرگىچە يېتىدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرلەرگە چۈشتى، نېمە ۋەقە بولۇپ، سەپەرگە چىقتى؟

مۇلازىملار جاۋاب بەردى:

ـــ بۇ باشقا بىر ئىش، ئىزدەپ تاپماقچى بولغان كىشىمىز بولەكچە. بۇ ئىش ئاداۋەت، جېدەل ـ ماجىرادىن يىراقتا، راست سۆزنى دېسەك، ئىشق ـ پىراقنىڭ ئىشى.

چىن ئەلچىسىگە تون كىيدۈردى، ھېسابسىز نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى. بۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن دەرياغا يۈرۈپ كەتتى. چىن ئەلچىسى شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى خاقانغا بايان قىلدى، ھەممە ئىشنى ئوچۇق ئېيتتى.

خاقان بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا مەسئۇدنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يول ئالدى ــ دە، تېز يېتىپ كېلىپ، كېمىگە كىردى، كېمىدە كۆڭۈللۈك ئازادە ئۆي بار ئىدى. ئىككىيلەن بۇ ئۆيدە شاراب ئىچىشتى، بىرنەچچە كىشى خىزمىتىدە ھازىر ئىدى. كېمىدە تۇرغان ئىككى كۈن ئىچىدە كېچە ــ كۈندۈز چوڭ بەزمىلەرنى ئۆتكۈزدى. شاھزادە سېخىيلىق ئىشكىنى ئېچىپ سوۋغاتلار بەردى، خاقان بۇ سوۋغاتلارنى كۆرۈپ زىياپەتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەيرانلىقتا بارمىقىنى چىشلىدى. چىن شاھىنىڭ ئىچى كۆيۈپ، كەمتەرلىك بىلەن شاھزادىنى ئۆيىگە باشلىۋالماقچى بولدى. ئۇنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆز ئۆيىگە چۈشۈردى ــ دە، زىياپەت بېرىشكە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. بەش كېچە ــ كۈندۈز سورۇن تۈزدى، ناخشىچىلار بىلەن سازەندىلەر نەغمىنى قىزىتتى. چىن مەملىكىتى ئىچىدىكى رەسساملارنى يىغىپ، شاھزادىنى مەست قىلغان قارا قاشنى سورىدى. ھەممە خەلقلەردىن ئىز ــ دېرىكىنى قىلدى، يولۇچى مۇساپىرلاردىن سۈرۈشتە قىلدى. ھېچ ئادەم ئۇنى بىلمەيتتى ھەم چارىسىنى قىلالمايتتى.

ئەمما، چىندا ياشانغان بىر ئادەم بار ئىدى، ئېرەمباغنى شۇ ئادەمدىن سورىغانىدى، بۇ ئادەم مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئەي يىگىت، بۇ ئىشقا بىتاقەت بولسىڭىز، قۇستەنتەنىيە دېگەن چوڭ بىر شەھەر بار، بۇ شەھەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ھەر تەرەپتىن كېلىشىدۇ. بىرى كەلسە، بىرى ھەرقايان كېتىشىدۇ،

يىراق شەھەرلەرگە بارىدىغانلارمۇ بار. ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلساق، بەلكىم بىلىدىغان ئادەم چىقىپ قالار.

شاھزادە دېدى:

— ئۇ يەرگە قاچان يېتىپ بارارمەن، قايسى يول بىلەن ئىشىمنى ئاسان قىلارمەن؟

ھېلىقى ئادەم دېدى:

— بۇگۈنلا دەريا بىلەن مېڭىڭ، كۆڭۈل ئېچىشىنى تاشلاپ، ئاللاھۇ! دەپ مېڭىڭ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت تاپىسىز، خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شادىمان بولىسىز.

كەل ساقى، مەن بىر پەرگە ئەسىر بولدۇم، بۇ تەشۋىشلىك يولۇمدا ياردەمچىم بول. شاراب بىلەن سازەندە كەلتۈرۈڭلار، مېنى مەست قىلىپ، مەقسىتىمگە يەتكۈزۈڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**شاھزادە چىن شاھى بىلەن ۋىدالىشىپ قۇستەنتەنىيە تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانلىقى ۋە دەريا ئىچىدە تەتۈر شامال پەيدا بولۇپ، كېمىلەر غەرق بولغانلىقى، شاھزادە مەسئۇد بىلەن سابىتنىڭ كېمىسىمۇ پاچاقلىنىپ، بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە قالغانلىقى، بۇ ئىككىيلەن ئاۋارىچىلىك ۋە ساراسىمىلىك ئىچىدە بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى**

ئەقىل مىسى ئۈستىگە يەلكەن تىكىپ، دەريا ئىچىدەقۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى. شاھزادە چىن شەھرىدىن چىقىپ، بۇزۇق دۇنيادىن گويا كۆڭۈل ئۈزگەندەك بولدى. دېڭىز ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن يولنى ئېنىق بىلىۋېلىپ، قۇستەنتەنىيە تەرەپكە يول ئالدى. ئىرەم باغنى كۆڭلىدە ئويلاپ، سۇ ئىچىدە تەۋەككۈل قىلىپ ماڭدى. خۇدا يولىدا پۇل سەدىقە قىلدى، كەمبەغەللەر خۇرسەن بولۇشتى. بۇ چاغدا دەريادا كىشىلەر ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى، تۇساتتىن تەتۈر بوران چىقىپ، قۇيۇندەك ئايلاندى. جاھاننى تۇتەك باسقاندەك بولدى، كىشىلەر ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى. چېقىن چېقىپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، كېمىگە

سۇ تولدى، چىقىرىشىپ كەتتى. بوران كۈچىيىپ، كېمىلەر دولقۇنلاندى، بىردەممۇ پەسەيمەستىن، بەلكى ئەۋجىگە چىقتى. شامالنىڭ ئۈنى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بولۇپ، گويا بالا - قازا كۈنى ئۈستۈنلۈك قىلاتتى. ئادەمنىڭ سېزىمى يوقىلىپ، تۈن بىلەن كۈننى پەرق قىلالمايتتى، بەزى كېمىلەر سۇنۇپ، ئىچىدىكىلەر غەرق بولۇپ كەتتى. يەنە قاتتىق تەتۈر شامال قوزغىلىپ، كىشىلەر جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. مەسئۇد خۇداغا يالۋۇرۇپ، بىزنى بۇ بالادىن قۇتقۇز، دەيتتى. كىشىلەر يىغا - زار قىلىشىپ، بار نېمىلەرنى كېمىدىن ئېلىپ، سۇغا سالدى. بىر سائەتتىن كېيىن بىر قۇيۇن كېلىپ، سۇنىڭ ئىچىدىن لەھەڭ باش چىقاردى. دېڭىز دولقۇن ئۇرۇشقا باشلىدى، سۇ ئىككى - ئۈچ تېرەك بويى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. لەھەڭ گاھى يۇقىرى ئۆرلەپ، گاھى سۇنىڭ قەرىگە كېتەتتى. كېمىنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولدى. يار - ھەمدەملىرى كۆپ ھالاك بولغانلىقتىن، شاھزادە قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. كېمىلەرنىڭ تولىسى كېتىپ ئاز قىسمىلا قالدى، مەسئۇد كۆڭلىدىكى تەلپىنى خۇدادىن سورايتتى. قالغان كېمىلەرگە سۇ تولغانلىقتىن، سۇيىنى چىقىرىۋېتىشكە تىرىشاتتى. خالايىق يىغلاشقا باشلاپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ تاشلاشتى. سابىت دېدى:

— ئەي شاھىم، بۇ خۇدانىڭ قەھر - غەزىپى، شۇڭا دەريانىڭ دولقۇنى بىردەممۇ پەسەيمەيۋاتىدۇ.

مەسئۇد قاتتىق مەست ئىدى، بۇلارنىڭمۇ كېمىسى

پاچاقلاندى. سابىت بىر پارە تاختاي ئۈستىدە قىلىپ، قورقۇنچتىن يىغلاشقا باشلىدى.

— بىزدىن قانداق سەۋەنلىك ئۆتكەندۇ؟ — دەيتتى، ئۇ هوشىدىن كېتىپ، پۇتۇنلەي ئەقلىنى يوقاتتى.

قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يامغۇر يېغىپ، ئاندىن هاۋا ئېچىلدى. شاهزادە قارىسا، ئېمىلدىشى يوق تۇرىدۇ، جان دوست ئاغىنىسى ۋە بۇرادىرى كۆرۈنمەيدۇ. مەسئۇد ياقىسىنى يىرتىپ:

— نەدە هالاك بولغاندۇ ئۇ؟ — دەيتتى.

— مۇنداق ئۆلۈم بىزگىمۇ يېقىن قالدى، مېنىڭ تىرىك قېلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ يىغلاپ سابىتنى ياد قىلاتتى، نالە ـ زار بىلەن ئاه چېكەتتى.

— سېنىڭ بىلەن بىللە بولسامچۇ كاشكى، بىرەر سۆز ئېيتىپ، ئۆلسەمچۇ كاشكى.

تىرىك قالغان كىشىلەر مەسئۇدقا دېدى:

— بۇ غەم بىلەن يېشىڭنى سەلدەك ئېقىتما، خۇدايىم بىزنى تىرىك قىلسا، ئەگەر ئۇ رەهىم ـ شەپقەت قىلىپ، مۇشكۇللۇكنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كەتسە، خۇدايىم كۆرۈشۈشنى نېسىپ قىلىدۇ، سابىت تىرىكلا بولسا ئاخىر بىر كۈنى ئۇچرىشىمىز. كېمىدە يۈز مىڭ كىشى بار ئىدى، ئۇلار سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى. بۇلاردىن پەقەت ئەللىك ئۈچ كىشى هايات قالدى. تۇراقسىز جاهاننىڭ ئىشى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سېنىڭ

سالامەتلىكىڭ ياخشى، خۇدايىم بىر كۈنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەر.

شاھزادە بۇنىڭغا قارىتا جاۋاب بېرىپ، شۇئان مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى:

— ئىشقىنىڭ غېمى ماڭا ئۇلپەت بولدى، جەبىر - جاپا سىرداش دوستۇم بولدى. جاھاننىڭ جاپاسىدىن يىراق ئەمەسمەن، جۇدالىق، ھىجران پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن.

بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ زار - زار يىغلاپ كەتتى، ئۆلۈم شەربىتىنى ئىختىيار قىلدى. تېنى قورقۇنچتىن تىترەپ تۇرسىمۇ، لېكىن خۇداغا مۇناجات قىلىشتىن ئەسلا قالمايتتى. قالغان كىشىلەرمۇ گاھى ئاچ، گاھى توق ھالدا ئۆلۈمگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

شاھزادە بۇيرۇدى:

— تائام ئەكىلىڭلار ھەم خۇمارىمنى بېسىش ئۈچۈن قەدەھ تۇتۇڭلار.

شۇئان غىزا بىلەن شاراب ئېلىپ كېلىشتى، شاھزادە غىزاغا قاراپ يەنە يىغلىدى - دە، دېدى:

— باتۇر سابىت قەيەردە ئېقىپ كېتىۋاتقاندۇ، تېنى نەدە لەھەڭگە تۇتقۇن بولغاندۇر؟ يىگىتلىرىم قېنى، قاياشلىرىم قېنى، جاندىن ئەزىز ئاداشلىرىم قېنى؟

شۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا بىرنەچچە كىشى كېمە تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

شاھزادە سورىدى:

— بۇ قانداق مەخلۇق، يۈزى قىزنىڭكىدەك، ئەمما كۆزى قانداق قىزىلغۇ؟
كېمىچىلەر جاۋاب بېرىشتى:
— بۇ ئادەملەر زەڭگى، شۇنىڭ ئۈچۈن رەڭگى قارا. ئۇلار مۇشۇ دەريانىڭ قاراقچىلىرى بولۇپ، يولۇچىلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ماراپ يۈرۈشىدۇ. كېمىدىن تۆمۈر ئىلمەكنى ئالىدۇ ـ دە، ئۇنى يىراقتىن ئادەملەرگە سالىدۇ. ئۈستىخاندىن ئىلىنغان ئادەمنى يېقىن ئەكەلگەندىن كېيىن شۇ هامان ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە باشلايدۇ.
بۇلار شۇ گەپ ـ سۆزنى قىلىشىپ تۇرغاندا، بىر زەڭگى ئالدىراش يېتىپ كەلدى. يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئىككىيلەن ئۇرۇش باشلىدى، كېمە ئىچىدە قان جۇش ئۇرۇپ ئاقتى. شاھزادە مەلئۇنلارغا ئوقيا ئېتىپ، بىرنەچچە زەڭگىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. بۇ كاپىرلارمۇ ئىلمەكلىرىنى ئېتىپ، مەسئۇدنىڭ كىشىلىرىگە كۆپ جەبىر قىلدى. قىرىقتىن ئارتۇق كىشىنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ، ئاخىر ئەجەلنىڭ ئىلكىگە يوللىدى. شاھزادە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، زەڭگى گۇرۇھى ئۈستۈن كېلىپ، تەڭقىسلىقتا قويدى. كېمىدە سەككىز كىشى قالغان بولۇپ، بۇلارمۇ ياردار بولغانىدى. گەپنىڭ قىسقىسى، مەسئۇد ئىلاج تاپالماي، سۈكۈت قىلدى، زەڭگى كېلىپ، بىر كاچات سالدى. ئاندىن دېدى:
— ئاجايىپ باتۇر ئىكەنسەن، سېنىڭ ئالدىڭدا شىرمۇ يىغلاپ

يىلىنغۇدەك. ئادەملەر ئىچىدە سەندەك بىر كىشى يوق بولسا كېرەك، بولغان تەقدىردىمۇ مۇنداق باتۇرلۇق كۆرسىتەلمىگەن بولاتتى.

مەسئۇد بىلەن ھېلىقى ياردار سەككىز كىشىنى ئېلىپ ماڭدى، بۇلارغا غەمنىڭ ئوتى تۇتاشتى.

ئۇلار كۆزىدىن ياش تۆكۈپ، دۇئا ـ تەلەپتە بولۇشتى. مۇددىئاسى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئىدى. بۇلارنى ئۇدۇل پادىشاھنىڭ قېشىغا ئاپاردى. ئۇ بىر جاڭگال ئىچىدە ماكان تۇتقانىكەن. شاھزادە قاراقچىلارنىڭ چوڭىنى كۆرۈش بىلەنلا ئەمدى ئەجەلنىڭ يولىغا كىرگەن ئوخشايمىز، دېدى كۆڭلىدە.

بۇلارنى زەڭگىلەر شاھىنىڭ ئالدىغا ئەكىرگەندە، بېشىغا قاتتىق قورقۇنچ چۈشكەندى. بۇ زەڭگىنىڭ بېشى گۈمبەزدەك، بويى مۇناردەك، ئىككى قولى بەئەينى چىناردەك ئىدى. قۇلىقى گىلەمدەك، كۆزلىرى ئۇزەڭگىدەك يوغان بولۇپ، كىشى چۈشىدە كۆرسە ئۆتى يېرىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

بۇرنى موردەك، ئاغزى غاردەك بولۇپ، ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئىس ـ تۈتەك، ئوت چىقاتتى.

بۇ لەنتى زەڭگى مەسئۇدنى كۆرۈپ:

ــ قېشىمغا يېقىن ئەكىلىڭلار، ــ دېدى.

بۇ ئىپلاس نەچچە كىشىنى ئېلىپ قالغاندا، بۇلارنىڭ تېنىدىن روھ قۇشى ئۇچۇپ ھوشسىزلانغانىدى. زەڭگىلەر شاھى بۇيرۇق قىلدى:

www.uyghurkitap.com

— بۇ شاھزادىنى سەككىز ئادىمى بىلەن قولىدىن تۇتۇپ، ئاتاڭنىڭ تۆھپىسى دەپ قىزىمغا بېرىڭلار، ئىشىمنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قېشىمغا پات قايتىپ كېلىڭلار!

مەسئۇد بىلەن ئۇنىڭ جورىلىرىنى ئېلىپ مېڭىشتى، ھەركىم ئۆز غېمىنى ئويلايتتى. بۇ سەككىز كىشىنى ئاپارغاندىن كېيىن زەڭگىلەر شاھى بۇيرۇق قىلىپ:

— بۇلارنى قىزىمغا بېرىڭلار، يېسۇن، ئاتامدىن خۇشال بولدۇم دېسۇن، — دېدى.

ياۋۇز مەخلۇق بۇ بىچارىلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئاتىسىغا تەزىم قىلىپ، خۇشال بولدى. زەڭگىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇلارنى كۆزدىن كەچۈردى ـ دە، شاھزادىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولدى. يەنى قىز مەسئۇدقا ئاشىق بولۇپ:

— بۇنى تېز باغقا ئېلىپ چىقىڭلار، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ يەردە بىرنەچچە خىزمەتكارى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمخور مەخلۇقلار.

شاھزادىنى باغقا ئېلىپ كىرىشتى ـ دە، مەي ـ قەدەھلەرنى داستىخانغا تىزدى. كۆپ ئۆتمەستىن نەچچە تۈرلۈك مېۋىلەرنى تېرىپ كېلىشتى، بۇ مېۋىلەرنىڭ تەمى شېكەر ياكى ناۋاتتەك تاتلىق ئىدى. جاھاندا قانداق مېۋە بولسا، بۇ يەردە بار ئىدى. لېكىن شاھزادە بۇلارغا مەيل قىلمىدى. ئۇ باغ ئىچىدە قىرىق نەچچە كۈن تۇرۇپ، گاھى ئاچ، گاھى توق كۈننى ئۆتكۈزدى. لەنتىلەرنى كۆرسە كۈلۈپ، يالۋۇرۇپ قوياتتى، ئەمما خالىي

جايدا يىغلاپ، يۈزى سارغايدى.

لەنتى زەڭگى قىزى مەسئۇدنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىچكىرى كىرىپ، ھالىنى سوراپ تۇراتتى. بۇ مەنمەنچى قەپەستە ساقلانغان بىر كۆيچى قۇشنى مەسئۇدنىڭ قېشىدا قويۇپ قويدى:

— بۇ يەردە ئىشىڭ پۇشمىسۇن، جامالىڭنىڭ قۇياشى زاۋال تاپمىسۇن. بۇ باغنىڭ ئىچى تولىمۇ خۇش ھاۋالىق، قەپەسنى ئېسىپ قوي، خۇش ئاۋاز بىلەن كۆيلەپ بېرىدۇ.

مەسئۇد بۇ زەڭگىگە قاراپ بېقىپ، يېقىن كەل دېگەنسېرى نېرى قاچاتتى. بويى ئىككى - ئۈچ دەرەخ بويى ئۇزۇن بولۇپ، گويا مۇناردىنمۇ يوغان ئىدى. ھەممە ئەزاسى ئاتنىڭغا ئوخشايتتى، بالىسى ئاتنىسنى تارتىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئىككى ئەمچىكى تۆمۈرچىنىڭ يەل كۆرىكىدەك ئىدى. ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈشىدىن كىشىنىڭ كۆزىگە ياش كېلەتتى. يۈزىگە چۈمبەل ئورنىدا پالاس ئېسىۋالغانىدى، ئىككى سۇ كوزىسىنى قۇلىقىغا تاقىۋالغان بولۇپ، بۇنى ئۆز كۆڭلىدە زىننەت دەپ ياقتۇرغان بولسا كېرەك. يۈزىگە ئۇپا ئورنىدا ھاك سۇۋۇغان، قېشىغا زاكىتنىزاك — بىر خىل كۆك بوياق، ئوسما قويغان. ئۆزىنى شوخ، گۈزەل مەھبۇبە قىلىپ، يۈزىنى سىر بىلەن سىرلىغان.

شاھزادە ئۇنى مانا شۇ قىياپەتتە كۆردى، كىشى بۇ سۈرەتتىكى مەخلۇقنى ھەرگىز كۆرمىگەن بولسا كېرەك. قاچاي دېسە مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى قېچىشقا يول يوق ئىدى.

بۇ زەڭگىنىڭ كۈچۈكى ناز قىلسا، ئېزىتقۇ كېچىگە

ئۇچرىغانئەك بولاتتى. ئۇ شاھزادىنى قۇچىقىغا ئالغانىدى، سەرۋى بويلۇق يىگىت تىترەپ كەتتى. زەڭگى قىز دېدى:

— سىز مېنىڭكى، ئەھۋالىڭىز قانداق، كۆڭلىڭىز قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

ئۇ يۇزمۇيۇز ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغاندا، شاھزادە ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي قويدى. ئىچىدە خۇداغا دۇئا تەلەپتە بولۇپ، قانداق قىلغاندا قۇتۇلۇپ چىقالايدىغانلىقىنى سورايتتى. زەڭگى قىز مەسئۇدنى قۇچىقىدىن يەرگە قويدى ـ دە:

— سىز شۇ يەردە تۇرۇڭ، مەن كەچتە يەنە كېلىمەن، — دېدى.

ئۇ باغدىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى، مەسئۇد كۆڭلى غەمگە تولغان ھالدا بۇ يەردە قالدى. زەڭگى ئۆيگە كېتىۋېتىپ ئويلاپ قالدى: مۇبادا باتۇرلۇق قىلىپ قېچىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۇ ئادەملىرىگە تاپىلىدى:

— ئۇنى بۇ يەردە بىكار قويماڭلار، ئېغىر ئىشقا سېلىپ، قىيناڭلار. ئۇن تارتىش ئۇچۇن بىر يارغۇنچاق بېرىڭلار، ئىشتىن باش تارتسا تاياق بىلەن ئۇرۇڭلار!

ئۇچ ئاي يارغۇنچاق بىلەن ئۇن تارتتى، ئۇنىڭ جاپاسىدا سالامەتلىكى ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئازاب، قىيناق خېلى زامانغىچە داۋام قىلغانلىقتىن يۇزى سارغايدى، قولى قاپىرىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدا:

— بۇ ئىشنى قوي، ئوتۇن ئەكەل، بۇ خىزمەت بىلەن ناننى

پۈتۈن يە ! ــ دېدى.

مەسئۇد ئۇتۇن تۇشۇماقچى بولۇپ، پالتا بىلەن ئۇزۇن ئارغامچا ئالدى. بۇ ئەمگەك بىلەن يەنە تۆت ئاي جاپا تارتتى. دۈمبىسى يېغىر بولۇپ، ھەر دائىم «ئاھ ـ ۋاي...!» دەيتتى. بۇ ئەمگەككە بىر دەممۇ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانلىقتىن، بېشىمغا بالا كەلسىمۇ قاچاي دېگەن قارارغا كەلدى. شاھزادە جاڭگالنىڭ ئىچىگە ھېرىپ ـ چارچاپ ئاران باردى ـ دە، شاخلارنى كېسىپ، سال ياسىدى. سالنى ئېلىپ ئىلدام دېڭىزغا سالدى ـ دە، ئاندىن ئۈستىگە چىقىۋالدى. خۇدانى ياد قىلىپ شۇنداق قاچتىكى، يۈرۈشى مىلتىقنىڭ ئوقىدىن تېز ئىدى. شۇ يوسۇندا يىگىرمە كۈن دېڭىزنىڭ ئىچىدە ھەرىكىتىنى بوشاشتۇرماي يۈردى. ئەمما، تۇساتتىن تەتۈر شامال چىقتى، بۇنى كۆرۈپ مەسئۇد ھوشىدىن كېتىپ، «لاھەۋلە» دۇئاسىنى ئوقۇشقا باشلىدى، «ئەمدى ئۆلدۈم» دەپ ئويلايتتى ئۇ. بۇ خەۋپ بىلەن زار ـ زار يىغلىدى، دەريادا جانىۋارلار سان ـ ساناقسىز ئىدى. ئەگەر بىر لەھەڭ سۇدىن باش چىقارسا، ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن شىر ـ يولۋاسلار قورقۇپ قاچاتتى. شۇنىڭدەك باشقا بىر يىرتقۇچ سۇ ئىچەي دېسە، قۇيرۇقى بىلەن تۇتۇۋېلىپ بىر لوقما بىلەن يۇتۇۋېتەتتى. ئۇچار قاناتنى يۇتماق ئۈچۈن بىرلا دەم تارتسا، بۈركۈت بولسىمۇ، يەم بولۇپ كېتەتتى.

خۇدايىتائالا شاھزادىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلدى، سال دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا ئىلىنىپ قالدى. مەسئۇد دەرھال ئارالغا

چىقىۋېلىپ، قىرغاقتىن نېرى كەتتى.
ئۇ خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز شۈكۈر قىلدى. بۇ ئارىلدا كېچىنى پاراغەتتە يېتىپ ئۆتكۈدى، ئورمانلىرى تاپتازا، كۆكۈللۈك ئىكەن. چىمەنزارلىقى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىكەن، بولۇپمۇ يېمەكلىككە مېۋىلىرى كۆپ ئىكەن. يەنە يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ياۋايى قۇشلار كۆپ بولۇپ، ئادەم يېيىشكە تىرىشىدىكەن. «بۇ يامان يەر ئىكەن، بۇ يەردە تۇرماي، ئۆزۈمنى ھالاكەتكە ئۇرماي» دېگەن ۋەھىمە مەسئۇدقا ھۇجۇم قىلدى، كۈن پېتىپ، يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئورمان ئىچىدە بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ جاي راسلىۋالدى.
شاھزادە دەرەخنىڭ ئۇستىدە قاراپ تۇرسا، نۇرغۇن يىرتقۇچ ھايۋانلار ئادەم يەيمىز دەپ، ماراپ يۈرۈشەتتى. بۇلار سۇنىڭ ئىچىدىن چىقىپ شاۋقۇن كۆتۈرگەندە، مەسئۇدنىڭ تېنى قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتى. بۇ ھايۋانلار سۇ چوشقىسى، قاپلانغا ئوخشاش مەخلۇقلار ئىدى. زاماننىڭ باتۇرلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا توكۇر، چۇمۇلىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. ئۇلار سۇ يۈزىدە ماڭماقچى بولسا، پۇتى سۇغا چۆكمەستىن يۈرۈۋېرەتتى. سۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ لەھەڭلەر بار بولۇپ، جەڭ كانىيىدەك جاراڭلىق ئاۋاز چىقىرىشاتتى. يەنە بىر گۇرۇھ جانىۋارلار باركى، گەۋدىسى تاغدەك يوغان ئىدى. شۇ كۆرۈنۈشتە ئۇنى نېمە دېسەك بولار، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدىنمۇ كۈچلۈك

ئىدى. قۇيرۇقىنى بىر تۇگسە، ھالقا قىلىۋالسا كۆزى سۇ ئىچىنى چىراغ ياققاندەك قىلىۋېتەتتى.

مەسئۇد بۇ كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى، بەدىنىدىن چىپ - چىپ سۇ ئېقىپ تۇردى. ساپ ئىپار يوقالدى (تاڭ سۈزۈلدى)، كۆكنىڭ كېلىنى يۈزىدىن نىقابىنى ئاچقاندا (قۇياش چىققاندا)، ھەممە جانىۋارلار دېڭىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شاھزادە بۇ يەردىن ئۆتۈۋالدى - دە، سالغا چۈشۈپ قىرىق كېچە - كۈندۈز يۈردى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھارغىنلىق يەتمىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجايىپ بىر باياۋان كۆرۈندى، لېكىن مېۋىزار دالادەك ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئېتى «قەھقەھە» بولۇپ، ئادەمدەك كۈلەتتى، شەپىسى شامالدەك قۇلاققا يېتىپ كېلەتتى. بەزى دەرەخنىڭ مېۋىسى يەرگە چۈشۈپ، ئاللا - ئاللا دەپ ۋارقىرىشاتتى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا شاخقا سەكرەپ چىقىپ، ئۆز ساپىقىنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالاتتى. يەنە بىر ئاجايىپ مېۋە بار ئىكەن، پەردەك يۇمشاق قاش - كۆزى، قۇلىقى بار ئىكەن. تەمى بەكمۇ تاتلىق ئىكەن، ھەرقانداق مېۋىلەردىنمۇ تاتلىق ئىكەن. يەنە بىر دەرەخ قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، «ۋاق - ۋاق» دەپ قاتتىق ئاۋاز چىقىرىدىكەن. ئاڭلىغۇچى ئادەمنى مەست قىلىدىكەن، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئاۋازى پەسىيىدىكەن. يەنە بىر تولىمۇ ئاجايىپ دەرەخ بار بولۇپ، كېچە - كۈندۈز ئوت چېچىپ تۇرىدىكەن. ئاسماننى تۈتۈن قاپلاپ، ھېچ دەرەخ قالمىغاندەك بولۇپ

كېتىدىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئوتىدىن ھېچ زەرەر يەتمەيدىكەن، بېرىپ قارىسا يەنە تاپتازا تۇرۇپتۇ.

مەسئۇد بۇ يەردىن قوپۇپ، قىرغاققا قارىدى ـ دە، سالغا چۈشۈپ يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى. دېڭىزدا ئوتتۇز كۈن يول يۈرۈپ، دۇنيادا كۆرمىگەن كۈننى كۆردى.

ھاۋاسى بەلەن بىر ئارال كۆرۈندى، قۇشلارنىڭ نەغمىسىمۇ بەلەن ئىكەن. شاھزادە سالدىن چىقىپ، شۇ يەردە ئارام ئالماقچى بولدى. مېۋىسى بالدىن تاتلىق ئىكەن. شۇنداق خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلغانكى، مەي ئىچكەن ئادەمنىڭ يۈزىدەك قىپقىزىل ئىدى. خۇددى جەننەتتەك ياخشى جاي ئىكەن، ھاي ـ ھاي، ئەجەب دەرەخلىرى بار ئىكەن. مەسئۇد بۇ يەردە ئۇخلاي دەپ تۇراتتى، ھېسابتىن تاشقىرى بىر گۇرۇھ مەخلۇقلار يېتىپ كەلدى. تېنى ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئەمما بېشى ئىتنىڭ بېشىدەك، يەنە قاش ـ كۆزىمۇ ئىتنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ مەخلۇقلار بۇلارنىڭ يولىنى توستى ـ دە، ئىككى ھەمراھىنى تۇتۇۋالدى. شۇئاندا گۆشىنى پارچىلىماقچى بولۇشتى، مەسئۇدنىمۇ تۇتۇپ جېدەل قىلىشتى. بېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كېسەك ئاتاتتى، بىرى تەگرى بىزگە بەرگەن ئېشەك بۇ، دېدى ـ دە، كېلىپ بويىنىغا مىندى، قوينىغا قولىنى سېلىپ، دېۋىندى.

شۇ يوسۇندا ئېلىپ مېڭىپ پۇت ـ قولىنى باغلىدى، تېخى نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ ھەدەپ كۈلۈشەتتى. بۇ ئىتباش مەخلۇقنىڭ ئۆيىدە تۆت كۈن تۇرۇپ، يېرىم كېچە بولغاندا

قېچىپ چىقتى.

كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، پۈتى قاپىرىپ كەتتى. ھەتتا مىدىرلاشقىمۇ مادارى يەتمەي قالدى. بۇ باتۇر ۋادى ئارا كېتىۋاتقاندا، يەنە رودۇپايغا ئەسىر بولدى. رودۇپايلار ئادەمگە بەك ئوخشايدىكەن. بۇلارنىڭمۇ بېشى ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە ئوخشايدىكەن. پۈتى پىلنىڭ پۇتىدەك يوغان، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە شىردىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. ئورماندا بىرەر چوڭ دەرەخ ئۇچرىسا، پۈتى بىلەن چىرماپ بىرلا كۈچەپ ئۇ دەرەخنى يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇپ تاشلايتتى. بۇلارنىڭ ھۈنىرى ئاشۇنداق ئىكەن.

شاھزادىنى باغلاپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، كۈتۈلمىگەندە يەنە بىر ماكانغا يېتىپ بېرىشتى.

— مۇشۇ يەردە تۇر، بىز سېنى ئېشەك قىلىپ مىنىمىز، قاچساڭ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، — دېدى.

مەسئۇد بىرنەچچە كۈن بۇلارنىڭ قېشىدا قالدى. كۆزىدىن تامغان يېشى ئېتىكىنى تولدۇرۇۋەتتى.

رودۇپايلار كۈندۈزى ئۇنى مىنسە، كېچىسى كىشەنلەپ قوياتتى، لاچىن بۇركۈتكە ئوۋ قىلىنغاندەك ئىش بولدى. ئۇلاردىن بىرى قاراۋۇللۇق قىلاتتى، ئىككى ـ ئۈچ قېرى ئۇنى ساقلاپ ياتتى. شاھزادە ئىچىدە ئىلتىجا قىلاتتى: «ئەي يالغۇز خۇدا، ئىچىمدىكى غەم ـ قايغۇ ساڭا مەلۇملۇق. جىگىرىم قاتمۇقات خۇن بولدى، مېنى بۇ بالادىن قۇتقۇزغىن !». شۇ تەلەپ بىلەن كۆزىدىن ياش تۆكەتتى، ئەتراپىغا قارىسا تۆگمەن تېشىدەك يوغان بىر تاش

تۇردۇ. شاھزادە بۇ تاشنى قولىغا ئېلىپ، قاراۋۇلنى قاتتىق بىر ئۇردى ـ دە، ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەي ساقىي، ماڭا ياخشى يول كۆرسەت، كۆڭلۈم دۈشمەندىن تولىمۇ خاپا. مەرھەمەت قىلىپ قىزىل مەي بەرسەڭ، مەست بولۇپ يولغا راۋان بولاي.

## شاھزادە رودۇپايلار گۇرۇھىدىن قۇتۇلۇپ، قىچىشقا يۇزلەنگەنلىكى ۋە بۇ جاڭگاللاردا مايمۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، ئۇلار شاھزادىنى ئۆز پادىشاھى قىلىشقا ئېلىپ بارغانلىقى

قەلەم جۇرئەت قىلىپ، بېشىنى ئەگدى ـ دە، خەت يېزىش ئۈچۈن كۆزىدىن ياش تۆكتى.

شاھزادە ئۇ يەردىن يۈرۈپ تېز ماڭدى، سەھەر شامىلىدىنمۇ تېزرەك ماڭدى. كۇتۇلمىگەندە باياۋانغا كېلىپ قېلىپ، ۋۇجۇدىغا قاتتىق تەشۋىش چۈشتى. لېكىن، گۈلىستانلىق بولۇپ، دەرەخ تولا ئىكەن، يېمەكلىك ئۈچۈن مېۋىلىرىمۇ كۆپ. ئەتىرگۈل بىلەن لالە بىھېساب ئىدى، دەرەخ ياپراقلىرى قۇياش يۈزىنى توسۇۋالغان. مۇسەپپالىقتا جەننەتتەك خۇش ھاۋا، سۈيى شېرىن، كېسەلگە داۋا. شاھزادە بۇ يەرنى ئايلىنىپ ئارام ئالاي دەپ تۇرغاندا، تۆت مايمۇن كېلىپ، قولىدىن تۇتۇۋالدى ـ دە، كۆپ جەبىر ـ جاپا قىلىپ كۆڭلىنى سوۋۇتتى. ئاندىن ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. مەسئۇد شۇئانلا ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ قارىسا، ئېگىز تەخت ئۈستىگە قات ـ قات كۆرپە سېلىنغان، ئۈستىدە بىر بەختلىك شاھ يانپاشلاپ يېتىپتۇ، ياش يىگىتتەك قىلىدۇ، ئۇلۇغلۇق جەھەتتە خان نەسلى بولسا كېرەك.

شاھزادە شاھقا سالام قىلدى، ئىككىيلەن بىرەر سائەت سۆزلەشتى.

ــ بۇ مېھمانىمغا كۇرسى (كۇرسى ــ كىچىكرەك تەخت ياكى ئالىي ئورۇندۇق) ئەكىلىپ، يېنىمغا ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى شاھ.

ئەكەلگەن كۇرسىنىڭ ھەممە يېرى كۇمۇش ئىدى، ئۇستىگە يىپەك رەختتىن تۆشەك سېلىنغانىدى. بەختلىك مايمۇن شاھى مەسئۇدقا دېدى:

ــ بۇ يەرلەرگە ھېچقانداق جان كەلمەس ئىدى، نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە چۈشكەنلىكىڭنى ماڭا بايان قىل، ئۆتكەن ئىشلارنى ئوچۇق ئېيت.

شاھزادە جاۋاب بەردى:

ــ ساياھەت قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققانىدىم، مەقسىتىم كۆڭۈل خاپىلىقىنى يوقىتىش ئىدى. نۇرغۇن كىشى مەن بىلەن بىللە چىققانىدى، ئۇلار مۇھىم ئىشلىرىمدا ماڭا يار - يۆلەك ئىدى. دۇنياغا بېھۇدە كۆڭۈل بەرگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن كېمىگە چۈشۈپ دەريا كەزگەنىدۇق. كېمىدە ناخشىچى، سازەندىلەرنىڭ كۆزىگە قاراپ، تىنىمسىز شاراب ئىچەتتۇق. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن توساتتىن كېمىمىز سۇغا غەرق بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنى پەرق قىلالماي قالدۇق. مەن بىچارە بىر پارچە تاختاي ئۈستىگە چىقىۋالدىم - دە، ئاخىر بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. مېنى بىر توپ مايمۇنلار تۇتۇۋالدى، خۇداغا شۈكۈر، بۇ يەردە سېنى

كۆردۇم.

مايمۇنلار شاھى دېدى:

— پەلەك ۋاپاسىز، زۇلمىگەر، نەيرەڭۋاز، ھاياسىز. پەلەك ماڭا قىلغان ئىشنى ساڭىمۇ قىلىپتۇ، ساڭا قانداق قىلغان بولسا ماڭىمۇ شۇنداق قىلىپتۇ. مېنىڭ باشتىن ئۆتكۈزگەنلىرىم خۇددى شۇنداق بولغان، مەنمۇ سەندەك كېمىدە غەرق بولغان. مەن ئەسلىدە مىسىر پادىشاھىنىڭ بالىسى ئىدىم، بالىسى دېمەيكى، كۆزىنىڭ قارىسى ئىدىم. تاماشا ئۈچۈن كېمىگە چۈشتۇم، ئاللا - ئاللا تولۇپ راسا مەي ئىچىشتۇق. تۇساتتىن دەريا دولقۇن ئۇرۇپ، كېمە غەرق بولۇپ كەتتى، مېنى دولقۇن شەرق تەرەپكە ئاققۇزۇپ كەتتى. بىرنەچچە مايمۇن ماڭا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، بۇ يەرنىڭ قائىدە - يوسۇنى شۇنداق ئىكەن. بۇلارنىڭ باشلىقى بۇ يەردىن كېتىپ قالسا، ئۆز ئىچىدىن باشچى قويالمايدىكەن. بىر كىشىنى بۇ جايغا تۇتۇپ كېلىپ، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئورنىغا قويىدىكەن. تۇتۇپ كېلىنگەن ئادەم بۇيرۇق چۈشۈرسە، ئۇنىڭ سۆزىنى چىڭ تۇتۇپ، پادىشاھ دەپ بىلىدىكەن، ئۆزلىرىنى بولسا پۇقرا ھېسابلايدىكەن. شۇ يوسۇندا بۇمۇ ئۆلۈپ كەتسە يەنە بىر ئادەم زىننەتلىك تەختتە ئولتۇرىدىكەن. ھالبۇكى، ماڭا يەتتە يىل بولۇپ قالدى، بۇلارنىڭ شەھرىدە مەنمۇ بۇلار جۈملىسىدىن بولۇپ قالدىم. كۆڭلۈم شاھلىقتا شۇ تەرىقىدە ئۆتتى، لېكىن خوتۇنۇم ئادەم نەسلى. مەندىن بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، بۇ خوتۇن شۇنىڭ

ئەۋلادى ئىكەن.
شۇ پاراڭ بىلەن گەپ تۈگىدى، مەسئۇدقا تائام ئەكىلىشتى. تاۋۇقى ياقۇت بولۇپ، خۇنچىسى خۇش پۇراق ياغاچتىن ئىكەن. ئارقىدىنلا ھەسەل بىلەن مېۋە ئەكەلدى. مەينى قەدەھقە لىق توشقۇزۇپ سۇنۇپ تۇردى، مەينى راسا ئىچىپ، غىزانى يەپ تۇردى. شاھزادە بۇ نازۇ نېمەت بىلەن تويۇپ، تېنى قۇۋۋەت تېپىپ شىر دەك كۆچلەندى. پادىشاھ قەدەمنى مەسئۇدقا ئۆزى تۇتقاچقا، ھەممە مايمۇنلار بۇ ئىززەت ـ ئىكرامنى كۆرۈپ، تولىمۇ ھەيران بولۇشتى. بۇ بەتچىراي مەخلۇقلار چۆرىدەپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار تولىمۇ كەمتەرلىك كۆرسەتكەنلىكتىن، مەسئۇد بۇ ھۆرمەتكە بەكمۇ خۇرسەن بولدى. مەسئۇد بۇرۇنقى چاغلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن ئىرەم باغىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى. بۇ مەنزىلنى ھېچكىم بىلمەيتتى، شۇڭا بىچارىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى.
— باغنى بىردەم يۈرۈپ ئايلانسام، كۆڭلۈم ئاز بولسىمۇ غەمدىن يىراق بولۇرمىكىن، — دېدى شاھزادە.
سۇلتان ئۇنىڭغا بىللە يۈرۈپ يول باشلايدىغان بىر كىشىنى قوشۇپ قويدى.
شاھزادە بىر سوغۇق ئاھ تارتىپ، بۇ يەردىن چىقتى، ياشانغان بىر ئادەم ئۇنىڭغا يولۇقتى. بۇ جاي ئاشۇ قېرى ئادەمنىڭ ماكانى ئىدى، كۆڭلى غەمكىن بۇ شاھزادە ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا دېدى. بۇ سۆزلەرگە قېرى ھەيران قالدى، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، بىرمۇنچە

قايغۇردى.

— ئەجەبمۇ مۇشكۇل ئىشقا قەدەم قويۇپسىز، سىزگە خۇدايىم ياخشىلىق قىلسۇن، — دېدى.

بۇ چاغدا بىر سېرىق تاغ كۆرۈندى، شەپەق ۋاقتىدىكى تۇماندەك سېرىق ئىدى. مەسئۇد ئۇنى قېرىدىن:

— بىر - بىر سۆزلەپ بەرسەڭچۇ ماڭا، — دەپ سورىدى.

— بۇ تاغ تامامەن ياقۇت، — دېدى قېرى.

— ئۇنى بېرىپ كۆرەيلىچۇ، — دېدى شاھزادە.

ئۇچەيلەن ئاستا مېڭىپ يېقىن باردى، بۇ تاغنى ئەتراپلىق كۆردى.

— بۇنداق سېرىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

قېرى مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ يەردە ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولىدۇ، شۇڭا قۇياشنىڭ تەپتىدىن سېرىققا ئايلانغان. تاشلار يەنە يەتتە يىل تۇرسا، قىزىل ياقۇتقا ئايلىنىدۇ، بۇنى بىلىپ قوي.

شاھزادە بۇ ياقۇتلاردىن بىرنەچچە تال ئالدى - دە، ئېتىغا مىنىپ شامالدەك چاپتۇردى. ئاندىن چۈشكەن جايغا يېنىپ كېلىپ، مايمۇنلار پادشاھىغا سۆھبەتداش بولدى. ياقۇتنى تۆھپە قىلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى، ئاندىن غىزا يەپ، شاراب ئىچىشكە باشلىدى. مايمۇنلار شاھى «بىرنەچچە كۈن تۇرۇڭ» دېدى. شاھزادە قوپۇپ مۇنداق جاۋاب قىلدى:

— ماڭا شۇنچىلىك ئەيش - ئىشرەت يېتەرلىك. بۇ يەردە

ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشتىن ھەرگىز سۆز ئاچماڭ. ماڭا سەپەرنىڭ ئىشى بەك زۆرۈر، بۇ يولنىڭ غېمىنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن.

شاھنىڭ كۆزلىرىدىن شۇنچىلىك ياش ئاقتىكى، بۇلۇت قوينىدىن ياغقان يامغۇردىنمۇ كۆپ ئىدى. مەسئۇدقا ئاخىر ئىجازەت بېرىپ:

— غېرىبلارنىڭ خۇداسى ساڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلسۇن، — دېدى.

مىنىشكە يەنە بىر ئات بەردى، يېيىشكە ئوزۇق، كىيىشكە ياخشى ئىگىن بەردى. بىر مايمۇننى ھەمراھ قىلىپ:

— سېنى قاچان يېنىپ كەت دېسە، شۇ چاغدا يېنىپ كەل، — دېدى.

مەسئۇد بۇ يەردىن چىقىپ، غەم ـ قايغۇ بىلەن يولغا چۈشتى، مايمۇننى بىرنەچچە كۈن ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. ئەگەر ئات ماڭماي خاپا قىلسا بۇ مايمۇن كېلىپ، ئاتنىڭ قۇلىقىنى چىشلەيتتى. ئات قۇلىقى غەزەپ بىلەن قاتتىق چىشلەنگەچكە، ئاغرىققا چىدىماي مېڭىپ كېتەتتى، مايمۇن ئاتنىڭ پېيىدىن ماڭاتتى.

شۇ يوسۇندا ئىككىلەن يولنى داۋاملاشتۇردى، مايمۇن كېيىنرەك ئىجازەت بىلەن يېنىپ كەتتى.

مەسئۇدقا بىر كىشى ھەمراھ ئىدىكى، تەجرىبىلىك، كۆپ ئىشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. مەسئۇد ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى ھەمراھىغا بەردى، بىچارە ئاشىق ئىچىدە بۇ بېيىتلارنى

ئوقۇيتتى:

«ئەي پەرى، جۇدالىقتا يۈرىكىم قان،
ھالىم چېچىڭدەك چۇۋۇق، پەرىشان.

ئىشق ئوتۇڭدا جىگىرىم كاۋاپ بولدى،
پىراقىڭدا ۋۇجۇدۇم خاراب بولدى.»

گەپنىڭ قىسقىسى، بىر - بىر قەدەم بېسىپ، غەمنى يىغا بىلەن يېڭىپ، ھېچ ئارام ئالماستىن، گاھى ئاچ، گاھى توق يول يۈرۈپ، چوڭ بىر دېڭىزغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە ئاجايىپ دەرەخلەر بار بولۇپ، شۇ يەردە تۇرۇشنى ئىختىيار قىلدى. ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈردى، ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى كۆردى. بۇ يەرنىڭ ئېتى «لات» ئىكەن، زېمىنلىرىدە ئالتۇن قات - قات ئىكەن. يەنە خۇش پۇراق سەندەل دەرىخى بىلەن زەپىرانمۇ بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ سان - سانىقىنى ئېلىپ بولمايتتى. يەنە چۇمۇلىلەر شۇنداق كۆپكى، ئادەم ئۇنى كۆرسە خەۋپسىرەپ تولغىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ يوغانلىقى كالىدەك، شىجائىتى شىردەك ئىدى. زەپىران ئېلىش ئۇچۇن كەلگەن كىشى ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، يوشۇرۇن ئالاتتى. مۇبادا كالۋا ئادەملەر كېلىپ قالغان بولسا، بۇ چۇمۇلىلەر ئارقىسىدىن كېلىپ يەيتتى. يەنە بىر كۆزى قىزىل چوڭ بىر قۇش بار ئىدى، رەڭگى

قارا بولۇپ، تۆگىدەك يوغان ئىدى. بۇ قۇش كېلىپ مەسئۇدقا چاڭگال سالدى، ھەمراھىغىمۇ ھۇجۇم قىلىپ رەنجىتتى. ئۇ سۈرئەت بىلەن تاغ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، بۇ يەردىن نېرىراقتا ماكانى بار ئىكەن. بۇلارنى بالىسىنىڭ قېشىدا قويۇپ كەتكەندى، بالىسى بىر كىشىنى يەپ تويدى. لېكىن، بۇ قۇش مەسئۇدنىڭ غەمكىن جېنىغا قەست قىلماستىن باياۋانغا ئۇچۇپ كەتتى. شۇنداق ئەھۋالدا چوڭ بىر ئەجدىھا يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى تاغدەك يوغان ئىدى. ئاغزىدىن ئوت بىلەن دۇد چىقارسا، ھەرقانداق نەرسە نابۇت بولاتتى.

شاھزادە خۇدانىڭ ئىسمىنى تىلىغا زىكرى قىلىپ، بىر تىغ ئۇرۇپ، ئەجدىھانىڭ بېشىنى كەستى. ئۇنىڭدىن خالاس تېپىپ، خۇداغا شۈكۈر قىلدى، خۇداغا بىھېساب ھەمدۇسانالار ئېيتتى. ئاندىن قۇشنىڭ ماكانىغا تېز يېتىپ كەلگەندى، چۈجە مەسئۇدنىڭ غەمكىن يۈزىگە قانات ئۇردى. لېكىن، ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزەلمىدى، شاھزادە بۇ يەردىن دەرھال كەتتى. قولىدا بار نەرسىلىرىنى ساقلاپ قالدى، بارمىقىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىمۇ بار ئىدى.

شاھزادە كېچە ـ كۈندۈز ئەللىك كۈن يۈرۈپ، يولدا كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتتى. دەرەخنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاسماننىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى، بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە جاي راسلاي دەپ چىققاندى، يىراقتا ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ كۆرۈندى، بىچارە دەرەختىن چۈشۈپ، تاغ تەرەپكە ماڭدى. تاغقا مىڭ مۇشەققەت

بىلەن چىقىپ، تەسلىكتە بىر چوققىغا ئۆزىنى ئالدى ـ دە، شۇ يەردىن ئەتراپقا نەزەر سالدى، تاغنىڭ تۆۋەن ئېتىكىدە بىر شەھەر كۆرۈندى. شەھەر ئىچىدە ئىمارەتلەر تولا بولۇپ، قەلئەسى بەك گۈزەل ئىكەن.

يىگىت دەرۋازىنى ئېچىپ كۆردى، قاراۋۇلنىڭ قولىدا بېلىق ئۈستىخىنىدىن ياسالغان قورال تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ھەيران قالدى، ئۇيلا ـ ئۇيلا ئاخىر دەرۋازىنى ئېچىپ كىردى. ھەممە تاملىرى نەقىشلەنگەن، ئېسىل تاش بىلەن بېزەلگەن. بۇ يەردە قىلىچ، قالقان، ھەر خىل كىيىملەر تۇرۇپتۇ، بۇلارنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ھېچبىر جان ئىگىسى كۆرۈنمىگەچكە، بۇ شەھەردىن بىر نىشان تاپاي دېدى. تەگرى ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، خەنجىرىنى ئالدى ـ دە، ئىچكىرىگە كىرىپ، سەپسېلىپ قارىدى. بىر ئۆيدە مەخسۇس كۆتۈرمە ياسالغان بولۇپ، يۈزى مەرمەردەك سىلىق، بەك كەڭ ئىدى. ھەممە تاملىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن، پۈتۈنلەي ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئورنىتىلغان. كۆتۈرمە ئۈستىگە ئاجايىپ تەخت قويۇلغان، يېنىدا يىپەك كىيىملەر ئېسىقلىق تۇرۇپتۇر. تورۇسقا ئالتۇن قەپەس ئېسىلغان بولۇپ، قۇشلىرى بىر ـ بىرىدىن خۇش ئاۋاز ئىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ساراي كۆرۈندى، بىرنەچچە ھۇجرىسى بار بولۇپ، ئاجايىپ ياخشى جاي ئىكەن. ھۇجرىنىڭ تۆت تېمىغا ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئورنىتىلغانكى، نۇرلۇق ئايدەك

شولا چىچىپ تۇرىدۇ. ھەممە ئۆي ئالتۇن ئىشىكلىك بولۇپ، بىرى ئىتتىكلىك ئىدى. شاھزادە قولىغا گۈرزە ئېلىپ، قۇلۇپىغا قاتتىق بىرنى ئۇرغانىدى، قۇلۇپى چېقىلىپ، ئىشىك ئېچىلدى، بۇ ئۆيدە ھۆردەك بىر قىزنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. قىز تەخت ئۈستىدە بولۇپ، يۈزىدە نىقاب بار ئىدى، ئېچىپ قارىسا يۈزى ئاپتاپتەك نۇرلۇق، چېچى ئىپار پۇرايدۇ، ئاغزى پىستىدەك چىرايلىق، ھەر تال كىرپىكلىرى بىر تال ئوق. كۆزلىرى جادۇ، قېشى كاماندەك، نەزەر سالغان كىشىگە يوشۇرۇن ئوق ئاتىدۇ. چىشلىرى ئۈنچىدەك، لېۋى سۇپسۇزۇك، بېلى يىگى ئۆسكەن كۆچەتتەك ئىنچىكە. لېكىن، ئۆلۈكتەك مىدىرلىماي ياتىدۇ، ئۆلۈك دېسە، رەڭگى ئۆلۈكتەك ئەمەس، بۇ قىز ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، بېشىنى مىدىرلىتىپ باقاي، دېدى. شۇنچە مىدىرلاتسىمۇ قىز ئويغانمىدى، تېزدىن بىر ئەينەكنى تېپىپ ئاغزىغا قويدى. مەسئۇد بېشىدا قاراپ تۇراتتى، ئاغزىغا قويۇلغان ئەينەكتە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. تەرنى كۆرۈپ، ئۆلۈك ئەمەس ئىكەن، دېدى، شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئەپسۇس يەپ، نادامەت چەكتى. قىزنىڭ يېنىدا بىر تاش تاختا تۇراتتى، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ئايۋاندا قويۇش بىلەنلا، قىزغا يېڭىدىن جان كىرىپ، ئورنىدىن قوپتى، ئۇ ھەيران بولۇپ ھەر تەرەپكە قارايتتى. تاختىنى يەنە ئېلىپ كىرگەنىدى، قىز يەنە ئۆلۈكتەك ياتتى. تاختىنى بۇ يەردىن يىراق قىلىغاندا، ئىلگىرىكىدەك يەنە ساق ھالەتكە كەلدى. مەسئۇد قىزغا يۈزمۇيۈز

قاراپ تۇراتتى، قىز سۆز ئاچتى: «ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدىكىن ياكى سۆز قىلىشتىن ئۈيۈلۈۋاتامدۇ. ئەمدى مەن سۆزۈم بىلەن كۆڭلىنى يۇمشىتاي». ئۇ تاختىنى تاشقىرىغا قويۇپ، دەرھاللا ئىچكىرىگە كىردى. ئاندىن شاھزادىگە سالام قىلدى، قىز بۇ بىچارىگە جان كۆيدۈرۈپ كەتتى. شاھزادە سورىدى:

— سەن قانداق جان؟ غەم - قايغۇ بىلەن يۈرىكىڭ قانمۇ؟

قىز سوغۇق بىر ئاھ ئۇردى:

— سۆزۈمگە قۇلاق سال، باتۇر يىگىت، بۇ ھەشەمەتلىك ئايۋان - ساراي پەرىلەرنىڭ ماكانى، بۇ يەرگە ھېچقانداق جان ئىگىسى كەلمەيتتى. نېمە سەۋەب بىلەن سەن بۇ مەنزىلگە چۈشتۈڭ؟ سۆزۈڭنى ھېكايەتچىلەردەك بايان قىلساڭچۇ.

شاھزادە دېدى:

— سۆزۈمنى دېسەم، بەك كۆپ، تۈگىمەيدۇ، قىسقىلا سۆزلەپ بېرەي. ئۇنداق بولسا ئاڭلا، مەن بەسىر شاھىنىڭ ئوغلى ئىدىم، كۆز نۇرى، بەلكى جانجىگىرى ئىدىم. ئاتام بىر كۈنى ماڭا بىر تون بەردى، قولۇمغا سېلىشقا يەنە بىر ئۈزۈك بەردى. مۇنۇ توندا بىر پەرىنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن. قىزنىڭ ئېتى «دىلئارا» دەپ ئاتىلىدىكەن. سۈرەتكە كۆزۈم چۈشۈش بىلەنلا ئاشىق بولدۇم، بۇ سۈرەت جېنىمغا بالا بولدى. جۇدالىق مېنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ئەقىل - ھوشۇمنى يوقىتىپ، ساراڭ بولۇپ قالدىم. ئۇنى ئىزدەشنى ئىختىيار قىلىپ، بىرنەچچە يارەنلەر بىلەن كېمىگە

چۈشكەندۇق. كۆتۈلمىگەندە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ھەممە كېمىگە سۇ تولۇپ كەتتى. يامغۇر بىردەممۇ پەسەيمەي، توختىماي ياغدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلق سۇغا غەرق بولدى. مەن بىچارە بىر تاختاي پارە ئۈستىدە قالغانىدىم، تەقدىر بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. مانا ئون ئۈچ يىل بولدى، مۇشۇنداق سەپەردىمەن، كۈنۈم ھەمىشە سەپەر بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتسام بەك ئۇزۇن، ھازىرچە شۇنچىلىك ئاڭلا، كېيىن سۆزۈمنى يەنە دەيمەن. ئەمدى، ئەي قىز، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ، ماڭا بىر - بىر سۆزلەپ بەر.

قىز دېدى:

— ئاتام سەرەندىبنىڭ شاھى ئىدى، بەلكى خەلقلەرنىڭ ھامىيسى ئىدى. مېنىڭ ئىككى ئاچا - سىڭلىم بار بولۇپ، بىر كۈنى ئۈچىمىز پۈشقانلىقتىن، باغنى تاماشا قىلايلى، دېدۇق، ئۈچەيلەن باغنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدۇق. بۇ باغ شۇنداق ئازادە ئىدى، بىز كىرىپ ھەممە تەرەپنى كۆزدىن كەچۈردۇق. ئۈستۈمدە كىمخاب چاپان بار ئىدى، يۈزۈمگە ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن نىقاب تارتىۋالغانىدىم. تۇيۇقسىز بوران پەيدا بولۇپ، قاپقارا قاراڭغۇسىدىن يورۇقلۇق يوقالدى. شۇ چاغدا بىر قۇش كېلىپ مېنى تۇتتى - دە، ھاۋاغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن ئەقىل - ھوشۇمدىن ئايرىلىپ، بىردەم سۆزلىيەلمەي، شوك بولۇپ قالدىم. بىر سائەتتىن كېيىن كۆزۈمنى ئاچتىم - دە، يۈزۈمدىكى نىقابنى قايرىپ قارىدىم.

لېكىن قانداق ئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئارىلىقتا بىر سائەت ئۆتتى. قېشىمدا بىر ياش يىگىت تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ، يۈزۈم ساماندەك سارغايدى. چۈنكى، بۇ يات بىر سۈرەت ئىدى، ئۇنىڭ ھەيۋىتى ماڭا تەسىر قىلغانىدى. يىگىت ماڭا بەك مۇلايىملىق كۆرسىتىپ، يېقىملىق تىل بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەي گۈزەل يار، مەندىن نېمىشقا قورقىسەن؟ ماڭا مۇنچىلىك قاپىقىڭنى تۈرمە. ئاتامنىڭ ئېتى شاھى پەرى، ھەممە پەرىلەرنىڭ باشلىقى. مەن قۇشقا ئوخشاش ھەر تەرەپنى كېزىپ، بۇ ئالەمنى ھەر كۈنى سەيلە قىلاتتىم. بىردىن جامالىڭغا كۆزۈم چۈشتى ـ دە، سېنىڭ ھىجرانىڭدا يۈزۈم سولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم، مېنى دۈشمەن بىلمە، دوست بىل. بۇ جايغا ئادەمزات ھەرگىز كېلەلمەيدۇ، پەرىلەرمۇ بۇ يەردىن ئىز تاپالمايدۇ.

ئۇ گاھى چاقچاق، گاھى چىن سۆزلەيتتى، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز بويۇن بەرمىدىم. مەن ئۇنىڭغا ئىلاج قىلالماي بۇ يەردە ياتتىم، ھالبۇكى ماڭا ئون ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. مېنى ئاچچىق غەزەپ ئۆز ئىلكىگە ئالدى، بۇ تاختا بېشىمدا سىرتماق بولۇپ تۇرۇپتۇ.

قىز ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ يىغلاپ كەتتى، كۆز يېشىنى رومىلى بىلەن سۈرتتى. شاھزادە دېدى:

— مەن تاشقىرىغا چىقاي، پەرى كەلگۈچە كۆزىدىن نېرى

بولاي. ئەگەر كۆرسە شەكسىز مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، سېنىڭمۇ بېشىڭغا بالا كەلتۈرىدۇ.

قىز دېدى:

— كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەتمە، ئۇنىڭ كېلىشىگە يەنە تۆت كۈن بار.

ئەي ساقى، مەي تۇت، تۇتقۇن بولدۇم، ئۇنى ئىچىپ، ئەركەك شىردەك قۇۋۋەت تاپاي. دۈشمەندىن جەبىر ـ جاپا يەتتى، ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەنجە ئۇراي.

## شاھزادە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سەرەندىب پادىشاھىنىڭ قىزىغا بايان قىلىپ، دىلئارا توغرۇلۇق سۆز باشلىغانلىقى، قىز دىلئارا بىلەن كۆرۈشكەنلىك خۇش خەۋەرنى ئېيتىپ، ئاندىن شاھى پەرىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، كېيىن ۋەسەت شەھىرىگە يولغا چىققانلىقى

رىۋايەت قىلغۇچى بىر مەزگىل جاپا چېكىپ، ئەلگە گۆھەر چېچىپ، مۇنۇلارنى بايان قىلدى:

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە سۆزلىرىنى بىر - بىر دېدى، قاتتىق يىغلاپ كۆزلىرىدىن دەريالاپ ياش ئاققۇزدى. قىز دېدى:

— ساڭا كۆرۈنگەن ئاشۇ ئاق بەدەن يار توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلا. ئانام كامالەتكە يەتكەن ئايال بولۇپ، كىچىك سىڭلىمىزغا ھامىلدار ئىدى. ئىبادەتلىرىنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتى. كېچىلىرى مۇناجاتتىن قالمايتتى. پەرزەنت تۇغۇلۇپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن باغقا كىرىشنى كۆڭلى تارتىپ قالدى. ئېگىز سۇپىغا ئېسىل رەخت سېلىنىپ، ئۈستىگە قويۇلغان تاش تەختتە ئانام ياتتى. شۇ چاغدا

هاۋادىن بىر ئايال كىشى چۈشتى ـ دە، بىزنى نېرىدىن كۆرۈپ سالام بەردى. ئانام ئۇنى كۆرۈش بىلەن قورقۇپ يىقىلدى. قوچىقىدا ئۇكام ياتقانىدى. بۇ خوتۇن ئانامنىڭ بېشىنى يۆلەپ، يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ ئېيتتى. ئاندىن دېدى:

ـــ مەندىن قورقما، مەن پەرىمەن، شەھبال پەرىنىڭ قىزىلگۈلى، يەنى ئۇنىڭ يېقىن سىرداش كىشىسى، غەم ـ قايغۇلۇق كۆنلەردە مۇڭداش دوستى. تۇرار جايىم ئېرەمباغ، ھەر يەرگە بېرىش مېنىڭ قائىدەم. مەن ھامىلىدار بولۇپ، قورساقتا بالام بار ئىدى، مۇشۇ يەردە تۇغۇشنى ئىختىيار قىلىپ قالدىم. چۈنكى، بۇ باغ خوش ھاۋالىق ئىكەن. بۇ يەردە يېتىپ، ئىششىمۇ ئىلگىرى باستى. بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، يېمىشىدىن يېدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سېنى رازى قىلاي دېدىم.

ئۇ يېڭىنىڭ ئىچىدىن بىر ھەميان ئۈنچە ـ مەرۋايىت چىقاردى. بۇ ھەميان ئۈنچە ـ مەرۋايىتقا لىق ئىدى. ئانام ھەميانىنى قولىغا ئېلىپ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن قوپۇپ تەزىم قىلدى. ئاندىن دېدى:

ـــ ئەي پەرى، پەرىلەرنىڭ داڭلىق كىشىسى، بۇ يەردە تۇغۇلغان بالاڭنى ماڭا كۆرسەت، ئۇنىڭغا سۈت بېرەي.

شۇ ھامان قېشىغا بۆشۈك ئەپكىلىشتى، گۆھەردىن سۈزۈك بىر قىز ياتاتتى. يۈزى بەئەينى تولۇن ئايدەك، تولۇن ئاي دېمەي، نۇرلۇق قۇياشتەك. ئانام بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئېمىتتى ۋە:

ـــ قىزىڭنىڭ ئېتى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

— دىلئارا دەپ ئات قويدۇق، — دېدى.

ئاندىن ھەممە نەسلىنى بىر- بىر بايان قىلدى. ئانام:

— بۇنىڭ ئىنىكئانىسى بولسام، ماڭا كۆپ پايدىسى بولاتتى، — دېدى.

پەرى جاۋاب بەردى:

— سەن ئىنسانسەن، بۇنىڭغا ئىنىكئانا بولۇشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا. قاچانكى سەن قىزىمنى سېغىنساڭ، ھەر ۋاقىت پەرىلەرنى باشلاپ كېلىمىز.

ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەچ مەن بۇ يەرگە كەلدىم، شۇئانلا ئۇ كۆزۈمدىن غايىب بولدى. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كەلدى، شۇ يوسۇندا نەچچە قېتىم كەلدى. كاشكى ئۆز دىيارىمدە بولسام سېنى كۆرۈشتۈرەتتىم، — دېدى ئۇ.

شاھزادە دېدى:

— سەن خالاس بولساڭ سېنى تېزدىن ئۇ يەرگە يەتكۈزۈپ قويىمەن.

قىز دېدى:

— ئەگەر سەن بۇ ئىشقا سەۋەب قىلساڭ، مەنمۇ خالاس بولۇشقا تىرىشىمەن. ئەمما، بىر ھىيلە بىلەن مېنى ئېلىپ قاچساڭلا بولاتتى، كېچىكمەستىنلا بۇ ئىشقا قەدەم قويساڭ بولاتتى.

شاھزادە دېدى:

— پەرىلەر چارىسىنى تاپىدۇ، بىر - ئىككىسىنى ئايىماستىن

چىپىپ تاشلايدۇ.

قىز دېدى:

— پەرىزاتنى يوقاتساڭ، كېيىن جازاسىنى تارتىمىز. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ بىر ئىلاجى بار، بۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايماننىڭ ئۈزۈكى كېرەك.

— بۇ ئۈزۈك ھازىر مەندە بار، لېكىن پەرىلەرگە ئاشكارا قىلماي تۇرايلى.

قىز دېدى:

— ئۇنداق بولسا ھەممىنى سۆزلەي، پەرى تۇرغان جاينىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بېرەي. شۇ كۈنى ئىككىيلەن سۆزلىشىش جەريانىدا تەبەسسۇم بىلەن سوئال سورىدىم:

— ئەگەر ئىنسان پەرى بىلەن جەڭ قىلىپ، پەرىلەر گۇرۇھىنى يەڭسە، خەنجەر ئۇرسا ياكى ئوق بىلەن ئۆلتۈرسە، پەرىنىڭ روھى تېنىدىن جۇدا بولامدۇ؟

قىز دېدى:

— پەرىلەر ئادەتلىنىپ قالغانكى، پەرىزات جىسمىدا جان بولمىسىمۇ يۈرۈۋېرىدۇ. پەرىنىڭ روھى بىر ەر جانىۋارنىڭ تېنىگە بەنت قىلىنغانكى، ھەرقانچە ئۇرۇپ يارىدار قىلغان بىلەنمۇ ئۆزى ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

شاھزادە سورىدى:

— سىزنىڭ جېنىڭىز قايسى تەن ئىچىدە؟

قىز دېدى:

— مېنىڭ روھىم ھازىر بۇ يەردە يوق.

مەن ئۇنىڭغا دېدىم:

— جان قانداق سۇرەتتە بولىدۇ، كۆرسەتسىڭىز، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىڭىز قىلىڭ.

ئۇ ئاچچىقى بىلەن دېدى:

— بۇ يەردە ئەمەس دېدىمغۇ، ماڭا دوست بولغان كىشى مۇنداق سۆزنى دېمەيدۇ.

مەن:

— ئۇ مېنى بۇ يەردە غېرىبلىقتا سالدىڭ، مېنىڭ سەندىن كۆڭلۈم قالدى، — دېدىم.

ئۇ دېدى:

— كىمكى ئۇ يەرنى كۆرۈشنى قىلسا ھەۋەس، سۇلايمان ئۈزۈكىنى تاپسىلا ئىش پۈتىدۇ. بەھر مۇھىتنىڭ لېۋىگە بېرىپ، ئۈزۈكنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاختۇرسا تاپالايدۇ.

مەن دېدىم:

— جېنىڭىزنىڭ شەكلى - سۈرىتى قانداق، قانداق قىلسا بۇ سۈرەتنىڭ بەلگىسىنى بىلەلەيدۇ؟

ئۇ دېدى:

— ئاشۇ ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ، مەزكۇر دەريا قىرغىقىغا كېلىپ، دېڭىزنىڭ سۈيىگە نەزەر قىلسا، قاتتىق دولقۇن ئۇرۇپ شاۋقۇن پەيدا بولىدۇ. ئاندىن بىر ساندۇق مۇللاق ئېتىپ چىقىدۇ، قولىغا ئۈزۈك سالغان ئادەم بۇنى تۇتۇۋالالايدۇ.

ساندۇقنى ئاچسا، ئۇنىڭدىن بىر كەپتەر چىقىدۇ، مېنىڭ جېنىم ئاشۇ.

مەن دېدىم:

ــ ئەگەر بىرى كەپتەرنى يوق قىلسا، سىزمۇ نەپەستىن توختامسىز؟

ئۇ دېدى:

ــ قانداق بولمىسۇن، كەپتەر ئۆلۈش بىلەنلا مەندە تىرىكلىكنىڭ ئۇمىدى قالمايدۇ.

مەن يەنە دېدىم:

ــ بۇ يەر قايسى جاي؟

ئۇ دېدى:

ــ بۇ يەرنىڭ ئېتى ئىسپەندى باش.

مەن دېدىمكى:

ــ سەرەندىبنى كۆرۈشنى ئويلىسام، بېرىپ - كېلىشىمگە مۇمكىنچىلىك بولامسۇ؟

ئۇ دېدى:

ــ پەرىلەر بىر ئايدا يېتىدىغان تۇرسا، ئىنسان بۇ يولغا قانداق چارە تاپاركىن؟ ئەگەر كېچە - كۈندۈز بىر يىل يول يۈرسە، سەپەرنىڭ جاپاسىغا توپىغا مىلەنسە، ئېھتىمال ئۇ شەھەرگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن، لېكىن ئەجەلنىڭ خەۋپىمۇ يىراق ئەمەس. چۈنكى، يوللىرىدا دېڭىز، تاغ بار، گاھىدا چۆل - باياۋان، كەڭ تۈزلەڭلىكمۇ ئۇچرايدۇ. گاھى كۆز يەتمەس سۇلىرى

باركى، ئېگىزدە تۇرۇپ قارىساڭ قىرغىقى كۆرۈنمەيدۇ.
قىز بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەسئۇد ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندى ـ دە، دېدى:
ــ ئەمدى دېڭىزغا قاراپ يول ئالايلى، خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى جەزمەن خالاس بولدۇق.
شاھزادە بۇ دەريا لېۋىگە كېلىپ، تەڭرىگە داد ئېيتىپ يىغلىدى. شۇ چاغدا دەريا سۈيى دولقۇن ئۇرۇپ، ساندۇقنى سۇ بېتىگە چىقىرىپ تاشلىدى. مەسئۇد بۇ ساندۇقنى دەرھال ئالدى ـ دە، تېزدىن پەرىنىڭ ئۆيىگە راۋان بولدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھايالسىز تۆشۈك ئېچىپ، پەرىنىڭ قېنىنى تۆكمەكچى بولدى. كەپتەرنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغانىدى، تېنىدىن بۇقۇلداپ قان ئاقتى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ تېخى بىر سائەت ئۆتمىگەنىدى، ئاسماندا قاتتىق ھاۋا گۈلدۈرلىدى. ئارقىدىنلا تەتۈر قۇيۇندەك چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. پەرىنىڭ تېنى مۇناردەك گۈپ قىلىپ يىقىلدى. قىز:
ــ مۇشۇ، ــ پەرىنى كۆرۈپلا، ئاندىن قىز مەسئۇدنىڭ قولىغا يۈزىنى سۈردى.
ھاۋادىن يامغۇردەك قان يېغىپ، ئىككى كۈنگىچە توختىمىدى.
ــ ئەمدى بۇ يەردىن قاچاي، باشقا بىر ماكاندا تۇراي، ــ دېدى ـ دە، شامالدەك تېز كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، پەرىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە خۇشال بولدى. قىز بىلەن ئىككىسى دەريا لېۋىگە

يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قوللىرىغا بىردىن ئەسۋاب ئېلىپ، شاخ كېسىشكە باشلىدى، ئاندىن بىر سالنى تەييارلىدى، سالغا ھەممە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سالدى ـ دە، جاھاننىڭ خۇداسىغا تەۋەككۇل قىلىپ، باردىغان يېرىنى چوڭقۇر ئويلاشقا باشلىدى.
سالنى قولى بىلەن ھەرىكەتلەندۇرۇپ، تېز كېتىۋاتاتتى، ئاڭغىچە شامال چىقىپ، سالنى چىقىندەك ئىلدام ماڭغۇزدى، ئۇلار يەنە ئارال تەرەپكە قەدەم قويىدى. ئىككىيلەن سالدىن قىرغاقىقا چىقىپ، بۇ ئەھۋالغا يەتكەنلىكى ئۇچۇن خۇداغا شۇكۇر، دېدى. بۇ ئىككىيلەن زامان ھادىسىلىرىنى ھېكايە قىلىشىپ، باشقا گەپ ـ سۆزلەر بىلەن بولۇپ بىر دەرەخزارلىققا كىرىپ قورساق تويغۇزۇشتى. بۇ يەردە خورما بەك كۆپ ئىدى. خورما تېرىپ سالغا سالغاندىن كېيىن يۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.
گەپنىڭ قىسقىسى، دېڭىزدا ئۈچ ئاي يۈردى. ئەمما، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ھېچبىر جاي كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا، نەچچە كۈن يۈرۈپ قورققانىدى. لېكىن، ياخشى بىر دەرەخزارلىقنى كۆرۈپ، شۇ يەرگە چىقىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئادەم ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھوي، بىزگە سائادەتنىڭ كۈنى تۇغۇلدى، دېيىشتى. بېرىپ كۆرسە، ھەممىسى تىجارەتچىلەر ئىكەن، ئۇلار ھېكايە سۆزلەشكە ئۇستا ئادەملەر ئىكەن. شاھزادە بۇلارغا سالام قىلدى، ئۇلار سالامنى ئېلىك ئالغاندىن كېيىن سورىدى:
— ئەي بالام، نەدىن كەلدىڭ، ئەمدى نەگە بارىسەن، نېمە ئۈچۈن رەڭگىرويىڭ زەپىراندەك سېرىق؟

مەسئۇد ھالىنى بايان قىلدى، قىزنىڭ ئەھۋالىنىمۇ دېدى. تىجارەتچىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زېرەك كىشى سۈپىتىدە مېھرىبانلىق كۆرسەتتى.

ئۇلار دېدى:

— بىز رابىتە شەھىرىدىن بولۇرمىز، بۇ شەھەرنى قەدىمدىن «ۋاستە» دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن. بىز شۇ يەردىن سەرەندىبكە يولغا چىققاندۇق، بۇ يوللاردا بىز بىلەن بىللە مېڭىڭ.

شاھزادە دېدى:

— قايسى يول يېقىن، ئۇ يەرگە كۆڭۈل توختىتىپ بارايلى.

ئۇلار دېدى:

— ۋاسىت يېقىنراق، ئەمما ھاۋاسى ئۇنچىلىك ياخشى ئەمەس. شاھىمىزنىڭ ئىسمى تاجۇل مۇلۇك، ئۆزى پۇقراپەرۋەر، ئوڭلۇق كىشى.

بۇ ئىككى بىچارە خۇش خەۋەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىلىپ، «ۋاسىت» تەرەپكە يول ئالدى. مەسئۇد ئاڭلىغانلىرىنى قىزغا بايان قىلغاندى، قىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىدى. «ۋاسىت» كە باش بولغان تاجۇل مۇلۇك ئانامنىڭ بىر تۇغقىنى بولىدۇ، بۇنى بىلىپ قويۇڭ.

ئۇلار يوللارنى كېزىپ شەھەرگە يېتىپ بېرىشتى، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئىشلىرى خەيرلىك بولدى. مەسئۇد قىزنى بىر ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، شاھنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى. شەھەرنى كېزىپ، ئوردىغا كىردى، بۇ يەردە پادىشاھ بىلەن

كۆرۈشتى. تەڭرى نامى بىلەن سالام بەجا كەلتۈردى، شاھ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، سۆز باشلىدى:

— قەيەردىن كەلدىڭ، مۇساپىر يىگىت، نېمىشقا مۇنچىلىك جاپا - مۇشەققەت چەكتىڭ؟

شاھزادە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن قىزنىڭمۇ ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. شاھ بۇ گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ، قاتتىق ئاھ ئۇردى - دە، ئورنىدىن قوپۇپ چاققانلىق بىلەن ئېتىغا مىندى، قىزنى كۆرۈشكە شۇنداق ئالدىرايتتى. تاجۇلمۇلۇك تېز يۈرۈپ، ئاخىر يېتىپ كەلدى، ئۇ قىزنى كۆرۈپ ئېتىدىن چۈشتى. قىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى، قىزمۇ قېنىپ - قېنىپ يىغلىدى. كۆزلىرىدىن قان - ياش ئاققۇزدى، بىچارە قىز تولا يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. پادشاھ تاجىلمۇلۇك ئۇنىڭ بېشىدىن يۆلەپ، ئاتىسىغا ماتەم تۇتقاندەك قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدى. ئاندىن دەرھال سەرەندىبكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. قىزغا ياخشى بىر مەپە ئېلىپ كەلدى، مەسئۇدنى بەك ئىززەتلىدى. ئۇنىڭغا بىر ئات بەردى، قىممەت باھا كىيىم كىيدۈردى، ئاندىن ئوردىدا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇنى نازۇ نېمەت بىلەن ئالاھىدە بەختىيار قىلدى، شۇ ئارىدا ئەيش - ئىشرەت بىلەن نەچچە كۈن ئۆتتى. ۋاسىت شاھى مەسئۇدقا دېدى:

— سەرەندىب بىلەن ئالاقىلىشايلى، بۇ قىزنى ئاتىسىغا

يەتكۈزەيلى، زەرداب يۇتقان ئانىسىمۇ دىدار كۆرۈشسۇن. كۆڭلى غەمكىنلەرنى خۇشال قىلسام، مەن پېقىر ئۇچۇن چوڭ بەخت.

تاجىلمۈلۈك مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن سان - ساناقسىز هارۋىغا يۈك بېسىلدى. بىرنەچچە خىزمەتكار ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى، ئۇزۇن يول بېسىپ داۋانلار ئاشتى. شاھزادە بىلەن ۋاستىنىڭ پادىشاھى ئاكا - ئۇكىدەك مۇناسىۋەتتە بولۇشتى. بۇلار بىر ئايدىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ، سەرەندىب شەھىرىگە يېتىپ باردى. سەرەندىب شاھى قىزى ئۈچۈن يىغلايتتى، ئۇ قىز ئانىسىنىڭ يۈزى بىھەدەك سارغايغانىدى. قىزى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدىن غەمنىڭ تىغى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. ئاتا - ئانا ئىككىيلەن قىزىنىڭ ئالدىغا چىقىشتى، قارشى ئېلىشقا نەچچە مىڭ كىشى كەلدى. ئىككى گۇرۇھ يول ئۈستىدە بىر - بىرىگە توسقۇن بولۇپ، سەرەندىبكە كەلكۈندەك ئاقتى. تاجىلمۈلۈك بىلەن شاھزادىنى، مەپتۇن قىلغان ئېسىلزادىنى شاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئالىي قەسىرگە باشلاپ كىردى. بۇ يەردە بەزىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ رىۋايەتلەر تىلغا ئېلىندى، جاھان ۋەقەلىرى توغرۇلۇق گەپ - سۆزلەر بولدى. تاجىلمۈلۈك كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتقاندىن كېيىن يەنە مەسئۇد ھېكايىسىگە كەلدى. ئۇنىڭ بېشىغا نۇرغۇن ئىشلار كەلدى، پەلەكنىڭ ئاتقان تېشىغا نىشان بولدى. پەرى بىلەن كۆپ جەڭلەرنى قىلدى. ئون ئۈچ يىلدىن ئارتۇق يول يۈردى. يۈزىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان قىزغا، يەنى سەرەندىب شاھىنىڭ

جىگەر پارىسىغا كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇ ئۇلتۇرۇشتا تاجىلمۇلۇك ھېكايە قىلىپ، ئىشتىكەنلىرىنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلدى. سەرەندىب ھاكىمى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئىككى كۆزىدىن بۇلاقتەك ياش تۆكتى. ئاندىن بۇيرۇدى:

— مەسئۇدنى ئېلىپ كېلىڭلار، مەي بىلەن ساز تەييارلاڭلار. ئۇنىڭغا تەختىم ئۇستىدە زىياپەت بېرەي، كىمخاب تونلارنى سوۋغات قىلاي.

مەسئۇدنى شۇئان چاقىرىپ ئېلىپ كىردى، يىگىت شاھنى كۆرۈپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ ئىززەتلىك مېھمان ئىكەنلىكىنى تاجىلمۇلۇكتىن بىلىپ، دەرھال ئالىي بىر تەختنى قويۇپ بەردى. مەسئۇد تەختكە چىقىپ سەرەندىب شاھى بىلەن سۆھبەتداش ھەم ئۇلپەت بولدى. ئۇنىڭغا يىپەك رەختتىن تون كىيدۇردى، ئۇچەيلەن ئوبدان پاراڭلاشتى. قەنت - ناۋاتتەك سۆزلەرنى قىلىشتى. سەرەندىب ھاكىمى دېدى:

— مەن دۇنيادا ھاياتلا بولسام، غەمكىن كۆڭلۈك غەش بولۇپ قالسا، بېشىڭنى سىلاپ، باشپاناھ بولاي. قوبۇل قىلساڭ، بەلكى پەرزەنت قىلىپ، ياش كۆچىتىمگە جۈپلەشتۇرەي. ماڭا نەچچە شەھەرلەر قارايدۇ، كۆڭلۈك بەھر تاپسا ساڭا بېرەي.

شاھزادە دېدى:

— مېنىڭ دىلىم سۇنۇق، ماڭا قىلغان ئىززەت - ئىكرامىڭىزنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

سۇلتان ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاتتى:

— سەۋر ـ تاقەت قىلىپ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. پەرزەنتنى تەسلىكتە چوڭ قىلىدىغان ئىش، بىزنى يات ھېسابىدا كۆرمەڭ، تۇغقىنىم دەپ بىلىڭ. بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسىڭىز، ئەندىشە قىلماستىن قىلىڭ، ئىككىلەنمەڭ.

لېكىن، شاھزادىنىڭ بېشى گاڭگىراپ يۈرەتتى، بۇ ئىززەت بىلەن باغلىنىپ قېلىشنى خالىمايتتى. بۇ يەردە ئالىي پەرمان بىلەن تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما پىكىر ـ خىيالى دىلبىرىدە ئىدى.

ئەي ساقىي، ماڭا قەدەھنى داۋاملىق تۇت، سېنىڭ بىلەن شامۇ ـ سەھەر سورۇن تۈزەي. بىرلىك شارابىنى ئىچىپ مەست بولۇپ، مەھبۇبەم بىلەن پاراڭلىشاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شاھزادە مەسئۇد دىلئارانىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ پەرىشان ئەھۋالدا قالغانلىقى، سەرەندىبنىڭ پادىشاھى شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئوۋغا ئېلىپ چىققانلىقى، ئوۋدىن يېنىپ كېلىۋېتىپ سابىتنى سەرەندىبنىڭ بىر كوچىسىدا ئۇچرىتىپ قالغانلىقى

داستان يازغۇچى پىكرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سۆزگە مۇنداق زىننەت بېرىدۇ.

مەسئۇدنى غەمنىڭ لەشكىرى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تۇپتۇز قەددىنى يەرگە ئېگىشتۇرۇپ قويدى. ئۇ دىلئارانىڭ سۆزىنى دائىم تىلغا ئالاتتى، غەمنىڭ ئاچچىق يىغىسىدىن كۆزى قۇرۇمايتتى. شاھ تەسەللى بېرىپ:

— كۆڭلۈڭنى مالال قىلما، مەھبۇبىڭ بۈگۈن - ئەتە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى.

شاھزادە بىتاقەت بولۇپ كېچە - كۈندۈز يولىغا قارايتتى. پادىشاھ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن:

— شىكارغا چىقايلى، — دېدى.

مىنىش ئۈچۈن ئۈستىگە قات - قات زەرباب يوپۇق يېپىلغان

ياخشى بىر ئات ئېلىپ كەلدى. شاھزادە ئەتراپنى ئايلىنىش مەقسىتىدە شىكارغا چىقىشقا ماقۇل بولدى.

كىشىلەر توپى بىر ـ بىرىگە يول بەرمەستىن تىقىلىشىپ، ئۇۋدىن يېنىپ كەلدى. مەسئۇد بىچارە غەمكىن ھالدا قۇشتەك تېز يۈرۈپ ھەممە كوچىلارنى ئايلىنىپ ماڭغانىدى. ئۇنىڭغا بىر كىشى ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ توپىغا مىلەنگەن بولۇپ، گادايدەك كۆرۈنەتتى. ئۇستىگە جۇل ـ جۇل چاپان كىيىۋالغان، چاچلىرى چاڭگا بولۇپ، يۈزى سامانغەك سارغايغان. بېشى يالاڭ، پۇتىدا ھېچنېمە يوق يالاڭ ئاياغ، بېلىگە تاناپ باغلىۋالغان بولۇپ، قولىدا تاياق بار ئىدى. كۆزىدە تىنماي ياش ئاقىۋاتتى، كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇل سەدىقە قىلاتتى. شاھزادە ئۇنى كۆرۈپلا، سابىت مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغانمۇ نېمە، دەپ گۇمان قىلدى.

بىر كىشىگە بۇيرۇدى:

— بۇنى ئېلىپ بار، قېچىپ كەتمىسۇن، ھەر كۇنى قاراۋۇللۇق قىل.

شاھزادىنىڭ بۇيرۇقىنى پاششاپ بىلمەي قالدى، نېمىگە قارىتا ئېيتىلغانلىقىنى سوراپ ئولتۇرمىدى. بۇ تىلەمچى گۇناھكار بىر نېمە، كوچىلاردا كىشىلەرنى رەنجىتىدۇ، دېدى ئۇ.

ئۇنى زىندانغا ئېلىپ بېرىپ قاماپ قويدى، سابىت بۇ ئىشقا كۆلەتتى.

مەسئۇد يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇچ كۇن ئۆتۈپ كەتتى، قېنى ئۇ دەپ سوراپ قويمىدى.

تۆتىنچى كۆنى يادىغا كېلىپ، بىچارىنىڭ پەريادىغا يەتتى.

— مۇساپىرنى تېز ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ باقايلى، — دېدى.

بىر ئەسكەر بېرىپ چاپسان ئېلىپ كەلدى، سابىت كەلدى، ئۇنىڭ يۈزى سارغايغانىدى.

شاھزادە سورىدى:

— ئەھۋالىڭ قانداق؟ تۇرقۇڭ بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتىغۇ!

ئۇ جاۋاب بەردى:

— مېنى زىندانغا سالدى، بۇ ئىشقا سېنى ھۆكۈم قىلدى، دەيدىغۇ؟

مەسئۇد قاراۋۇلغا بىرمۇنچە ئاچچىقلاندى، سابىتنى سولاپ قويغانلىق گۇناھى ئۈچۈن ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرغۇزدى. قاراۋۇلنى تاشقىرىغا قوغلاپ چىقىرىپ، سابىتنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى.

شاھزادە گەپ ئاچتى:

— ھالىڭنى ماڭا بايان قىل، بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەر.

مۇساپىر كۆزىدىن ياش ئاقۇزۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بەردى.

مەسئۇد جان - دىلى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەكتىگە يېتىپ، ئوق تەگكەن قۇشتەك يەرگە يىقىلدى. قاراپ تۇرغان خىزمەتچى، مۇلازىملىرى سابىتنى شاھزادىنىڭ دۈشمىنى

ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلدى. مەسئۇدنىڭ بىھوش بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى ـ دە، سابىت بىچارىنى ئۇرۇپ، تاشقىرىغا ھەيدەپ چىقتى، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قاغا، ھۇۋقۇشتەك چوقۇشقا باشلىدى.

سابىت بىر خىلۋەت جاي تېپىپ يوشۇرۇندى ـ دە، بېشىمغا كەلگەن بىر بالا بۇ، دېدى.

مەسئۇد ئەقلىنى يوقىتىپ بىر سائەت ياتقاندىن كېيىن يەنە ھوشىغا كەلدى. ئاندىن ئەتراپىغا قاراپ، ئېھتىياتلىق سوردى:

— مېنىڭ مېھرىبان دوستۇم نەگە كەتتى؟

خىزمەتچىلىرى جاۋاب بەردى:

— ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىپ، تاياق بىلەن ئۇرغاندۇق، نېرىغا كەتتى.

مەسئۇد قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ دېدى:

— ئۇ دۈشمەن ئەمەس، شىردەك يىگىت ئىدى. بۇ بىگۇناھنى بۇ يەردىن يىراقلاشتۇرۇپ قويۇپتىمەن، ئۇنى تېپىشقا شۇنچە كۆڭلۈم كۆيەتتى. ئۇنى تېپىپ قېشىمغا يەتكۈزۈڭلار، ئۇنى ئۆزۈمگە پىر، ئۇستاز قىلسام ئازلىق قىلىدۇ.

شاھزادىنىڭ بۇيرۇقى قاتتىق تۇتۇلۇپ، كىشىلەر ئاتلىنىپ تۇشمۇتۇشتىن ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇنى بىر كىشى تاپتى، سابىت يوشۇرۇن دەرۋىش قىياپىتىدە ياتقانىدى. ئۇنى ئۇدۇل مەسئۇدنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ:

— ئەمدى بۇ يەردە ئامان بولدۇڭ، — دېدى.

مەسئۇد ئېمىلدىشىنى كۆرۈپلا كۆزىدىن ياش تۆكۈپ قۇچاقلاشتى.

— قورقما، — دېدى ئۇ ۋاپادار دوستىغا، ئاندىن ئىسمىنى ئېيتتى.

سابىت بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا ھوشىدىن كەتتى، ئۇ يىقىلغاچ، كىشىلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ گۇمان قىلدى. شاھزادە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئالدىراپ قالدى ـ دە، دوستىنىڭ يۈزىگە گۈل سۈيى چاچتى. سابىت ھوشىغا كېلىپ، بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ كۆزىدىن كەلكۈندەك ياش ئاققۇزاتتى. بۇ ئىككىيلەن مەي ئىچكەن ئادەمدەك بېشى گاراڭ ئىدى، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ پەسكويغا چۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كېلىشتى. سابىت شاھانە تونىنى كىيدى.

ئۇنى قەسرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى، ئالدىدا قانچىلىغان خىزمەتچى كۆكنىڭ يۇلتۇزىدەك تۇردى. بۇ ئىككى تۇتقۇن ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن توق ئۆتتى، كۆپ دۆلەت كۆردى.

خۇدا سابىتقا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتكەچكە، سەرەندىب شاھمۇ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپتى. كېلىپ سابىت بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن جىق ئىززىتىنى قىلدى، ئىككى مۇساپىر شاد ـ خۇرام بولۇشتى. ھەممە شەھەر چوڭلىرىنى ئولتۇرۇشقا يىغدى، كۈمۈش بەدەن ساقىيلارنى ئېلىپ كەلدى. ناخشىچىلار كۈي ـ ناۋا ئېيتىشقا باشلىدى، ئۆي ئىچى نەغمىچىلەرنىڭ جاراڭلىق كۈيى بىلەن تولدى. ساقىيلار پات ـ پات قەدەھ تۇتۇپ

تۇردى، ھېچكىم ساق قالماي ھەممىسى مەست بولدى. كۈن ئولتۇرۇپ، يورۇقلۇق غايىب بولدى، ئۇيۇق قاراڭغۇلاشتى. شاھ سابىتنى شۇنچىلىك شەرەپكە ئىگە قىلىپ، ماڭا ئۆز ئەھۋالىڭنى بايان قىل، دېدى.

سابىت كەمتەرلىك بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشنى تەرتىپى بىلەن بىر - بىر سۆزلىدى. سەرەندىب شاھى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇنداق كۈنلەرنى كىشى ھېچقاچان كۆرمىسۇن، دېدى.

مەسئۇد نېمىنى كۆرگەن بولسا سابىتمۇ شۇنى كۆردى، ئۇمۇ ئۇزۇن يوللارنى كەزدى، ھەممە يەرگە باردى. قىسقىسى، مەسئۇد غەم بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى، سابىتنىڭ كۆزى كېچە - كۈندۈز نەمدىن قۇرۇمىدى. ئۇ ھەر كۈنى كۆڭۈل مۈلكىنى ئىشغال قىلغان گۈلبەدەن دىلئارانى سورايتتى. بۇ ئىككى قەلبى جاراھەت دوست باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ مەي ئىچىش بىلەن شۇغۇللانغانىدى. بىر سائەت بولغاندا ھاۋادا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى، ئارقىدىنلا قىش پەسلىدەك سوغۇق بولۇپ كەتتى. ئاسماننىڭ يۈزى قىزىل، قارا، سېرىق، ئاق ھەم يېشىل تۈسكە كىردى. بىردەمدىلا ھەسەن - ھۈسەن ئۇقياسىنى تارتتى، كەينىدىن تولۇن ئاي يۈز ئاچتى.

باغقا ئاسماندىن تەلەيلىك يار چۈشتى، چېدىر ئىچىگە ئالتۇن تەخت قۇردۇردى. ئۇ تولۇن ئايدەك، ئاي ئەمەس، نۇرلۇق قۇياشتەك تەخت ئۈستىگە ئولتۇردى. چېدىر - بارگاھلار

تىكىلىپ، پەرىلەر باغىنى تۇرار جاي قىلىشتى. دىلئارا تەخت ئۈستىدە ناز بىلەن ئولتۇراتتى، پەرىلەر ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. شۇ پەيتتە مەلىكە كىرىپ سالام قىلدى، تەزىمدىن كېيىن يەر ئۆپۈپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

دىلئارا ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن:

— ئەي مەلىكە، ئەھۋالىڭنى بايان قىلچۇ؟ — دېدى.

ئالدىغا بېرىپ مەرھابا ئېيتتى، قېرىنداشلىق قائىدىلىرىنى ئادا قىلدى. ئاندىن سوراشقا باشلىدى:

— نەدە بولغانلىقىڭنى ماڭا بايان قىل، بېشىڭدىن قانداق ئىش ئۆتكەنلىكىنى بىر ـ بىر سۆزلە. قايسى زالىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ، قەيەرلەردە مۇشەققەت، كىسەللىك تارتتىڭ؟ ئاتاڭنىڭ جېنىغا جۇدالىق سالغانىدىڭ، ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە تۈگىمەس ئىشتىياق سالدىڭ.

مەلىكە دېدى:

— ئەي گۈزەللەر شاھى، مېنى بىر پەرى تۇتقۇن قىلغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا قانچە يىللار ھۆرلۈككە ئىنتىزار بولۇپ ياشىدىم. دائىم ئاھ ـ زار قىلىپ يىغلايتتىم. خۇدا ماڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن، بىر شەخس كېلىپ مېنى قۇتقۇزدى. مېنى تۇتقۇن قىلغان پەرىنى ئۆلتۈرۈپ، جېنىغا ئوبدان جازا بەردى. مېنى ئۇنىڭدىن بەك تەسلىكتە خالاس تاپقۇزدى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۆز ھالىمغا كەلدىم. ئۇنىڭ نامى شاھزادە مەسئۇد بولۇپ، خۇدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كامالەت ئاتا قىلغانىكەن. ئۇ تولىمۇ

يىقىملىق، شوخ، بەرنا يىگىت ئىكەن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئاجايىب دانا يىگىت ئىكەن. ئۇ ۋاپا دەرياسىدا يەككە ـ يېگانە گۆھەر، كەرەملىك خۇدا ئۇنىڭ قەلبىنى پاك يارىتىپتۇر. ئۇ ئادەمزات ئىچىدە تولۇن ئاي، پادىشاھلىق تەختىدە ئۇلۇغ خان. ئۇ بىرىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغان ئىمىش، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلىدىن خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. ئۇ دۇنياغا كېلىپ بىر سۈرەتنى كۆرۈپتۇر، ئەمما ئۇ سۈرەتتىن ۋىسالغا ئېرىشىشنىڭ ئالامىتى مەلۇم بولماپتۇ. شاھزادە ئون ئۈچ يىل يۈرۈپ بىرەر نىشان تاپالماپتۇ، بۇ ھەسرەت بىلەن جېنى ئازاب چېكىپتۇ.

دىلئارا:

— ئۇ يىگىت نەدە؟ يوشۇرۇن جايدىن مەلۇم ۋاقىت كۆزىتىپ باقاي، — دېدى.

مەلىكە دېدى:

— ئۇ يىگىت مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى خۇش قامەت گۈزەل ياردا.

دىلئارا كۆرۈشكە ئالدىراپ، خالىي بىر جاينىڭ تۆشۈكىدىن ماربدى.

پەرى بىر نەزەر تاشلاش بىلەنلا ئىشقىنىڭ ئوقىنى يېدى، ئىشقىنىڭ سېھرى ئۇنى شۇئانلا ئوۋ قىلدى. گويا قومۇشلۇقتا ئوت تۇتاشقاندەك ۋۇجۇدىنى ئىشق ئوتى كۆيدۈردى، بۇ ئوتتا جانسىز يىلاندەك تولغىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ بىردەم تاقەت قىلىپ

تۇردى، مەسئۇد راۋاب بىلەن بىر كۈينى چالاتتى. ئۇ ئۆز ئەھۋالى توغرۇلۇق بىر غەزەلنى ئوقۇدى، ئۇنى دىلئارا جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. بۇ غەزەلنىڭ مەزمۇنىدىن دەردى پىراقىنىڭ بويى كېلەتتى، «سۈرىتى تونۇمدا بار، ئەمما ۋىسالى يىراق» دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭ كۈيلىگەن ناۋاسىدا تۆۋەندىكى مەنە ئادا ئېتىلگەنىدى:

## مەسئۇدنىڭ غەزىلى

جانانىنىڭ سۈرىتى جېنىمنىڭ تونىغا نەقىش قىلىپ سىزىلغان،
بۇ سۈرەت جىسمىمدا جان سۈرىتى بولدى.

جېنىمنى جانانغا چاچقۇ قىلدىم، ئۇ پەرىمدۇر، ھۆرمىدۇ؟!
ئەي دوستلار، مېنىڭ ئىنسانلىق سىياقىم قالمىدى.

مەن ئۇنى دەپ جاھاننى كەزدىم، سورىقىنى قىلىپ تاپالمىدىم،
بۇ سۈرەت مەن بىچارىنى گاڭگىرىتىپ ھەيرانلىققا سالدى.

ھالقا ـ ھالقا بولۇپ يېيىلغان چېچىنىڭ سۈرىتى
گوياكى جېنىمنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندۇرۇۋەتتى.

ئۇنىڭ غۇنچىدەك كۈلۈپ تۇرغان جامالى بىر قىيا باققانىدى،
ھىجران خەنجىرى ھۇجۇم قىلىپ، باغرىمنى ياردى.

ئۇنىڭ نۇرلۇق سۈرىتى قۇياش بولۇپ،
قاراڭغۇ كۆڭلۈمنى يورۇتسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇنى ياد قىلىۋېرىپ ئاخىر مەجنۇندەك تەلۋىگە ئايلاندۇردى،
ئۇنىڭ سۈرىتى مېنى ئالەم خەلقىدىن ئايرىپ قويدى.

مەن تەلۋىگە رەھىم قىلىپ، ئۆزىنى ئاشكارا قىلسا،
ئۇ پەرىنىڭ لۇتفى ئېھسانى كۆرۈلگەن بولاتتى.

ئۆمرۈم تۈگىگۈچە ۋەسلىنى تەلەپ قىلسام مۇيەسسەر
بولۇرمىكىن،
ئەسلىنى تاپماق بەك مۈشكۈل، سۈرىتىنى كۆرۈش ئاسان.

يېشىمنى باھار بۇلۇتىدەك دانە - دانە تۆكسەم،
كۆزدىن ئاققان سۇنىڭ ئاشۇ دانىلىرى قىزىل ئانارەدەك
كۆرۈندۇ.

ئەي مەسئۇد ھالىڭنى قانچە ئېيتىپ يىغلىغىنىڭ بىلەن
ئۆلپىتىڭ يوق،
داۋاسىز دەردىڭنى ساقايتىشىنىڭ ئىمكانى يوق.

دىلئارا بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جېنى ئۆزگىچە ھالەتلەرگە چۈشتى. ئۇ پەرى بىر پەس ھوشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتتى، بۇ قىزمۇ ئۇ پەرىنىڭ يار - يۆلىكى بولدى. يۇزىگە ئەنبەر پۇراقلىق گۇل سۇيىنى سەپكەندى، پەرى شۇ ھامان ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئاشىقلارچە ناخشا ئېيتتى، قولىغا ئۇدنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. ئىشق ھەرپى بىلەن بىرقانچە سۆزلەرنى ئېيتتى، پەرىمۇ ئىنسانغا يوشۇرۇنچە كۆز تىكتى.

## دىلئارانىڭ غەزىلى

*نۇرلۇق يۈزۈڭنى بىر كۆرۈش بىلەنلا جۇدالىقنىڭ يالقۇنى تۇتاشتى،*
*بۇ ئوت ۋۇجۇدۇمنى كۈل قىلىپ تۇپراققا ئايلاندۇردى.*

*كۆھقاپتىن كېلىپ ئىشقىڭ كۆھقاپىغا بەند بولدۇم،*
*مۇھەببەت تىلسىماتىدىن خالاس بولۇشىنىڭ ئىمكانى يوق ئىكەن.*

*كامان قېشىنىڭ ئوقى مەجرۇھ كۆڭلۈمنى نىشان قىلدى،*
*ئۇ ئوتلۇق ئوق كۆڭلۈمدە جان بولۇپ ئورۇنلاشتى.*

*شېرىن سۆزۈڭنى ئاڭلاپلا كۆڭلۈم پەرۋاز قىلدى،*
*ئۇ ئەمدى سېنى ياد ئېتىپ، ھەر زامان بۇلبۇلدەك پىغان چېكىدۇ.*

*نەچچە يىل جۇدالىقتا مۇشەققەت چېكىپسەن،*

ئاھكى، جۇدالىق ئىچىگە مىڭ ئازاب يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆردۇم.

شاھانە ياشىغانىدىم، ئەمدى ئىشقىڭنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالدىم،
ئۇنىڭ رىشتىسى جېنىمغا چىگىلدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئاسان ئەمەس.

قانداق قىلايكى، ئىشقىنىڭ ئوقى جىسمىمنى دەرمانسىز قىلدى،
جاھاندا مەندەك بالا چۆلىدە قالغانلار بارمىدۇر؟!

مۇھەببەت بىلەن ناۋا كۆيلەپ بىزنى بىچارە قىلدى،
يۈز ئەلەمكى، خۇش ئاھىنىڭ كۆي جېنىمنىڭ قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

كەنئانلىق يۈسۈپ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى يورۇتقاندەك،
ئۇ جامالىنىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇ كۆڭلۈمنى روشەن قىلدى.

ئويلىسام، ئىنساندا ۋاپا مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن،
چۈنكى ئادەم بىپەرۋالىق بىلەن ئۇنتۇغاقلىقنىڭ ئارىلاشما لېيىدىن يارالغان.

ئىشقىڭنىڭ غېمى كۆڭلۈمنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە ئورناشقانكى،
كۆڭلۈمدە غۇنچىدەك قات ـ قات قان ئۇيۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

*ئاشۇ دىلبەر ناۋا كۈيلەپ دىلئارانىڭ كۆڭلىنى ئىشغال قىلدى،*
*ئۇنىڭ يادى كۆڭۈل تەختى ئۈستىدە سۇلتان بولدى.*

دىلئارا ئاشۇ غەزەلنى كۈيلىگەندە، مەسئۇدنىڭ دىمىغىغا خۇش پۇراق بىر ھىد كەلدى ـ دە، دەرھاللا ئۆيدىن تاشقىرىغا چىقىپ، يېنىدا پەرى تۇرغانلىقىنى كۆردى.

شاھزادە مەھبۇبىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، مانا ئىككىيلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئۇچراشتى. مەسئۇد مەھبۇبىنى كۆرۈشى بىلەنلا سالام قىلدى، پەرىمۇ يىگىتكە ھۆرمەت بىلدۈردى.

## مەسئۇدنىڭ رۇبائىيسى

خۇداغا شۈكۈر! مېھرىبانلىق بېغىدا يارنى كۆردۈم، گويا كى ئۇ يوپۇرماقلار ئارىسىدا غۇنچىدەك تۇرۇپتۇ. تەتۈر پەلەك دۇنيادا مېنى ئۆزىدەك سەرگەردان قىلىپ، كۆڭلۈمنى بالا تېغىدا ياۋايىلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇ كېچە گۈل قامەت ئۇچراشقاندا ئالتۇن جامدا ئارقا ـ ئارقىدىن شاراب تۇتتى. مەسئۇد دىلبىرىنى بۇنداق ئۇلۇغۋارلىقتا كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئەي ئاي يۈزلۈك جانان، يارىممۇسەن، بۇ ئاجىزلاشقان تېنىم ئىچىدە جانمۇسەن؟ سەن ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار مۇشەققەت چەكتىم، زاماندىن تۈرلۈك ئازاب، قىيىناقنى كۆردۈم. بەخت يولباشچى بولۇپ، جامالىڭنى كۆردۈم، بۇ كېچە سېنى تاپتىم، بۇ

چۈشۈممۇ ياكى خىيال؟
دىلئارا دېدى:
— ئىشقىڭ مېنى خاراب قىلدى، ئوتۇڭ جان - دىلىمنى كاۋاپ قىلدى. كۆڭلۈمنى ئىشق زىندانىغا سالدىڭ، بەدىنىمنى جۇدالىق خۇمدانىدا كۆيدۈردۈڭ. كىشى ماڭا ئوخشاش ئىشققا مۇپتىلا بولغانمىدۇر، جۇدالىقتا مەندەك بىچارە بولغانمىدۇر.
دىلئارا سىلىق مېڭىپ ئۆيىگە كىردى، بۇ كېچە ئۇيقۇنى تاشلىدى. پەرى ماكانىغا يېنىپ كىرگەندىن كېيىن قالغانلارمۇ تۇرار جايلىرىغا قايتىپ ئارام تاپتى. بۇلار ياتقان بولسىمۇ، ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ قايغۇ ئىچىدە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى.
پەرىزات قاتتىق پەرىشان ھالغا چۈشتى، مەسئۇدنى كۆرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلاتتى. مەلىكە پەرىنىڭ قېشىغا كىرگەندى، قارىسا ئۇنىڭ بېشىغا غەم يېغىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ:
— نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ بەك تۇتۇققۇ؟ — دېدى.
ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ مۇنداق دېدى:
— مەندىن سىز نومۇس قىلامسىز؟ ئەگەر ئۆلۈمنى ماڭا راۋا كۆرسىڭىز جان تەسەددۇق، مەن بۇنىڭغا رازىمەن. ئەگەر ئالدىڭىزدا يوق بولسام (ئۆلسەم) بۇنىڭغا ھەرگىز ئەپسۇس - نادامەت قىلمايمەن.
ئۇنىڭ بۇ سۆزى دىلئاراغا تەسىر قىلىپ، گۈل يۈزى زەپەردەك سارغايدى. ئۇ دېدى:

ــ ئۇنىڭمۇ ئىلاجىنى قىلاي، بۇ يولنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ئەسلا غەم يېمە. خېلى كۆپ دىۋە مەن بىلەن ھەمراھ، ئۇلارنىڭ پىكرى ئىشىمغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. بۇ دىۋىلەرنىڭ بىرىگە سىزنى قوشۇپ قوياي، سىز مۇشەققەتسىز يېتىپ بارالايسىز.

شاھزادە بۇ ئىشقا رازى بولدى، ئورنىدىن قوپۇپ تەزىم قىلدى ـ دە، «مەرھابا» دېدى.

دىلئارا ئۇنىڭغا يەنە سۆز ئېيتتى:

ــ بۇ سۆزلەرنى مەن ساڭا مەخپىي دېدىم، ھەمىشە ئېچىڭدە تۇت، پاش قىلىپ قويما، بۇنى پاش قىلىپ قويساڭ ئۆزۈڭ بىل ئاداش.

دىلئارا باغ ئىچىدە سۆزىنى تاماملاپ، ئۆزىنىڭ جايىغا يۈرۈپ كەتتى. كىرىپ قارىسا چېدىردا نۇرغۇن گۇرۇھلار بار ئىكەن، دىلئارا ئاستا مېڭىپ جايىدا ئۇخلىدى. بىرەر سائەت ياتقاندى، يەنە تاڭ ئاتتى، پەرىلەر ئۆي ئىچىدە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى.

پەرى بولسۇن، دىۋە بولسۇن ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيمىدى، ئەمما دىلئارانىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارمىدى. مەلىكە ئۆيىدىن ئەتىگەنلا كېلىپ، دىلئارانىڭ قۇلىقىغا يوشۇرۇن بىر گەپنى قىلدى، دېدىكىم:

ــ ئىشنى مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ ياكى ئاشكارا قىلغان ياخشىمۇ؟

قىز دېدى:

ــ بۇ سىرنى كىشى بىلمىسۇن، پەرىگىمۇ، ئىنسانغىمۇ

خەۋەر قىلىنمىسۇن. باغدىن بىر خىلۋەت جاي تاپاي، بۇ سۆز
ھېچ كىشىگە ئاشكارا بولمىسۇن.

دىلئارا دېدى:

— بېرىپ چاقىرىڭلار، ئۇ گۈل يۈزلۈك بىزگە كۆرۈنۈش
قىلسۇن.

مەلىكە سۆيۈنۈپ باش ئەگدى، بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت
بىلىپ، دەرھال مەسئۇدقا كىشى ئەۋەتتى، سۆزنگە خېلى پەرداز
بەردى:

— پالانى جايغا كېلىپ تۇرسۇن، مەن ئۇنى ئاي جامالغا
ئۇچراشتۇرارمەن.

شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى ـ دە، قات ـ قات
ئېسىل كىيىملەرنى كىيدى. شاھانە ئالتۇن كەمەر باغلىدى،
بېشىغا گۆھەر ئورنىتىلغان تاج كىيدى. ئۇ كېلىپ خاس بىر
ئۆيگە چۈشتى ـ دە، ھېكايىچىدەك ناۋا كۈيلەپ سۆز باشلىدى،
بىرنەچچە سۆزلەردىن كېيىن ئەسلىي گەپكە كېلىپ، شاھزادە
ۋەسلىگە ئېرىشىش ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

دىلئارا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ
تەدبىرىنى قىلاي، دېدى. بىر دىۋە ھازىرلا كەلسۇن، دېدى، دىۋە
تېز سۈرئەت بىلەن يېتىپ كەلدى. دىلئارا قولىغا قەلەم ئېلىپ،
بىر نامە يازدى، ئاندىن دىۋىگە بېرىپ، تېز ماڭ، دېدى.

يەنە بىر دىۋىگە بۇيرۇق قىلىپ، بۇنى سەن تۇتۇپ موماننىڭ
قېشىغا ئېلىپ بار. ئەگەر ئۇنى قىيناپ قويىدىغان بولساڭ،

ئاڭلاپلا قالسام سېنى قاتتىق جازالايمەن، دېدى. شاھزادە كېلىپ، گوياكى ئۇلاغقا مىنگەندەك دىۋىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتى. ئۇ دىۋىنىڭ بوينىنى قۇچاقلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاسمانغا قاراپ ئىتتىك ئۇچۇپ كەتتى. قارىسا ھاۋادا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، دىۋە ئاچچىقلىنىپ غەم يېمە دېدى. بەزىدە بۇلۇتنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ، ئوقيانىڭ ئوقىدىنمۇ تېز يۈردى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەچ دىۋىلەر كېلىپ پەرى شەھىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

دىۋە ئۇنىڭغا:

— چۈش ئەمدى، تۇرىدىغان يېرىڭ مۇشۇ، غەمگۇزارىڭ مۇشۇ يەردە، كىرىپ كۆرۈشكىن، — دېدى.

قارىسا شەھەرنىڭ ھەممە قەلئەلىرىنىڭ ئىچى - تېشى تۇتاش ئالتۇندىن سۇۋالغان. ئىمارەتلىرى ئۇنچە - مەرۋايىت بىلەن ياسالغان، ھاۋاسى جەننەتتەك مۇسەپپا ئىدى. ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇلىرى كەۋسەردەك، گۈللىرىنىڭ پۇرىقى مۇشكى - ئەنبەردەك. دىلئارا ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خەتنى دىۋىگە سەن ئېلىپ بار دەپ بۇيرۇغانىدى. دىۋە تېز سۈرئەت بىلەن بالدۇرراق كېلىپ، تاپشۇرغانلىقتىن پەرى بۇ خەتنى كۆرگەنىدى. ئۇ ياقتىن شاھزادە ئاستا يۈرۈپ، سەرۋى پەرى تۇرغان يەرگە كىرىپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈمۈش رەڭ، كىيىمى قىزىل، يۈزى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش قىپقىزىل ئىدى. پەرى سورىدى:

— بۇ يەرگە نېمە سەۋەب بىلەن كەلدىڭ؟ ماڭا سۆزۈڭنى ئېيت، ساڭا ئىنئام بېرىمەن.

شاھزادە گەپ ـ سۆزلىرىنى بىر ـ بىر ئېيتىپ، كەمتەرلىك بىلەن يەرگە يۈزىنى قويۇپ، ھۆرمەت بىلدۈردى.
سەرۋىبانۇ بۇنىڭ ھالىنى ئۇقۇپ، ئىچى ئاغرىغان ھالدا ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى.
ئۇ دېدى:
ــ ئەي ئادەمزات، بېشىڭنى كۆتۈر، خۇدا خالىسا ئىشىڭمۇ پۈتۈپ قالار، بۈگۈن كەچكە قالدۇرماي ئىرەم باغقا باراي، ئىشىڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىرىشىپ كۆرەي. سۆزلىرىڭنى ئانىسىغا ئېيتاي، قوبۇل قىلسا ئاتىسىغىمۇ بايان قىلاي. دەلىللىرىنى بىر ـ بىر سۆزلىسەم، شەك يوقكى، قىزىنى بېرىدۇ.
پەرى سەرۋىبانۇ ئاشۇ سۆزلەرنى قىلدى ـ دە، ئېرەمباغقا يول ئالدى. بىر پەرى كېلىپ مەسئۇدنى كۆتۈردى ـ دە، ئۇ قېرى ئالدىدا شامالدەك يۈردى. شۇ كۈنى ئۇلار ئېرەمباغقا يېتىپ باردى ئېرەم تۈگۈل سەنەمنىڭ بېغىغا چۈشتى.
سەرۋىبانۇ دېدى:
ــ سەن مۇشۇ جايدا تۇرغىن، ھازىرچە بۇ يەر ساڭا تۇرار جاي بولسۇن. شەھبالغا بۇ سۆزنى بايان قىلاي، ئۇ يەردىن چىقىپ ساڭىمۇ مەخپىي يەتكۈزىمەن.
مەسئۇدقا بۇ يەرنى بېكىتىپ، ئۆزى شەھبال تەرەپكە ماڭدى. شاھزادە بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە كۆزى نەم بولۇپ، بۇ يەردە غەم ـ غۇسسە بىلەن تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھارغىنلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن باغنى ئايلاندى. باغ ئىچىدە نەچچە تۈرلۈك قۇشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سايرايتتى. باغنىڭ كۆرۈنۈشى جەننەت مەنزىرىسىدەك گۈزەل ئىدى. قانچە تەرىپلىگەن بىلەنمۇ تەسۋىرلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دادىسى بىلەن ئانىسى يادىغا كەلدى، ئالدىدا ئېمىلدىشىمۇ يوق ئىدى. يەنە دىلئارانىمۇ ياد قىلىپ، كۆزىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن قان ـ ياش تۆكتى.

ئىچىدە دەيتتى:

ــ ئەي پەلەك، ماڭا مۇنداق جاپانى قىلارسەنمۇ، ماڭا مۇنداق جازانى راۋا كۆرەرسەنمۇ. مېنى مۇنچىلىك دەرد ـ ئەلەمگە سالغۇچە دوزاختىنمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلغۇچە، بېشىمغا ئۆلۈم كەلسە راۋا ئىدى، كۆيۈپ كۈلۈم ئاسمانغا سورۇلسا راۋا ئىدى.

ئۇ ۋەھىمە ئىچىدە يىغلاپ يۈرەتتى، بىر چاغدا جىنلار بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ بۇ باغقا كەلدى. مەسئۇد دەرەخنىڭ شېخىغا قارىسا پەرىلەر مېۋىلەرنىڭ شېخىغا قونۇۋاپتۇ. پەرىدىن بىرى سورىدى:

ــ ئەي مۇساپىر، ئېتىڭ نېمە، ماكانىڭ نەدە، قايسى قوۋمدىنسەن؟ بۇ يەرلەرگە كېلىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغان يوسۇنى بارمۇ؟

مەسئۇد باشتىن ـ ئاياغ ھەممە سۆزنى دېدى، بۇلار گەپنى ئاڭلاپ شۈك بولۇشتى. ئەمما، دەرەختىن ئۇچۇپ چۈشۈپ، مەسئۇدنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. دېدىكى:

ــ بىزنىڭ پادىشاھىمىز شاھ پەرى، ئۇ قۇلزەم دەرياسىدا

خاندۇر. ئۇنىڭ باتۇر بىر ئوغلى بار ئىدى، سەن ئۇنى باغلاپ تۇتقۇن قىلىپسەن. ئۇنى شەمشەر بىلەن چېپىپ ئۆيىنى قىزىل قانغا بوياپسەن. بۇ يەرگە كېلىشىمىزدىكى مۇددىئا مۇشۇ ئىدى، سېنى تاپتۇق، ھەممە ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشتى.

مەسئۇد بۇلارنى شەھبال گۇرۇھىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئۇقىرىدىكى سۆزلەرنى قىلغانىدى. ئەمما، بۇلار شاھ پەرىنىڭ گۇرۇھى ئىدى، شەھبال پەرىگە قاتتىق ئاداۋىتى بار ئىدى. ئۇلار ھەممە ئەتراپنى ئىزدەپ، دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى كېزىپ، مەسئۇدنى بۇ يەردە تېپىۋېلىپ تۇتقۇن قىلدى، پۇت ـ قولىغا ئۇزۇلمەس كەمەن سالدى ـ دە، قۇلزەم تەرەپكە تېز ئېلىپ كەتتى، مەسئۇد بۇ غەم بىلەن كۆزىدىن ياش تۆكەتتى. جىنلار يولدا جاڭجاللىشىپ، قۇلزەم شەھىرىگە كېلىپ چۈشتى. شاھ پەرى مەسئۇدنى كۆرۈپ، سوئال سورىدى، ئۇنىڭ سوئالىغا پەرىلەر جاۋاب بەردى:

ــ ئارال، تاغ ـ داۋانلاردا يۈردۇق، جاھاننىڭ ئوڭ ــ سولىنى كەزدۇق. مەشرىقمۇ قالمىدى، مەغرىبمۇ قالمىدى، شەھەر ۋە يايلاقمۇ قالمىدى، بىر سائەتمۇ بۇ ئىشتىن نېرى بولمىدۇق. ئېرەم باغقا كېلىپ ئاختۇردۇق، چەت ـ چېگراسىمۇ قالمىدى، گۈل ـ گىياھ، ياپرىقىمۇ قالمىدى. باغقا كىرىپ ئايلانغانىدۇق، خۇدا ياخشىلىق قىلىپ، قاتىلنى بۇ يەردىن تاپتۇق. ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى، سۆزى راست ئىكەن.

شاھ پەرى بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئوغلۇمغا ئوخشاش قىينى تۆكۈلسۇن.

بۇ يەردىكىلەر ئىچىدە شاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى، ئۇ دېدى:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى راۋا كۆردۈڭ. لېكىن، كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئاسان بولسىمۇ تىرىلدۈرمەك مۇشكۇل ئىش. ئۇنى پەرىلەر بۇ يەرگە ئېرەمباغدىن تۇتۇپ كېلىپتۇر، ئۇ يەرگە شەھبال بۇرۇندىن شاھ. ئىككىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسا، شەكسىز بىزنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ.

قۇلزەم شاھى دېدى:

— بۇ سۆزۈڭ تۈزۈك، ئويلاپ باقسام، خېلى ئوبدان پىكىر ئىكەن. بۇ ئىنسانغا زىندان ئىچىدە كۆپ ئازاب قىلىپ ماغدۇرىنى قۇرۇتايلى.

شۇنىڭ بىلەن مەسئۇدنى زىندانغا تاشلىدى، بۇ يەردە ئۇ بىچارە غەم - قايغۇغا گىرىپتار بولدى.

قىسسەنىڭ باشقا تەرىپىگە كەلسەك، سەرۋبانۇ سۆزىنى ئېيتىش ئۈچۈن شەھبال سارىيىغا كىردى. دىلئارامۇ يېتىپ كەلگەنىدى، سەرۋدىن خەۋەر ئاڭلىغۇچە قاتتىق غەم يېدى. سەرۋبانۇ شەھبالغا سۆزىنى ئاشكارا دېدى، سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا گەپ جىق ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شەھبالنىڭ ئىچى ئاغرىدى - دە:

— ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

مەسئۇدنىڭ قېشىغا پەرىلەر بېرىپ، ئۇنى تاپالماي ھېرىپ قايتىپ كېلىشتى.

— نەگە كېتىپتۇ؟ سۈرۈشتە قىلىڭلار! — دېدى.

پەرىلەر شۇ زامان يەنە ئىزدەپ كېتىشتى.

جىنلار ھەممە يەرنى كېزىپ ئۇچرىغانلاردىن سورىغاندى، بىر پەرى كېلىپ مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

شاھ پەرىنىڭ مۇلازىملىرى كېلىپ، ئۇنى قۇلزەم دەرياسى تەرەپكە ئېلىپ كېتىپتۇ.

سەرۋىبانۇ بۇ يەردىن كېتىپ ئالدىراپ دىلئارا قېشىغا باردى. مەستانە يىگىتنىڭ يوقلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. دىلئارا بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا «ئاھ جان...!» دەپ يەرگە يىقىلدى.

ھەرىكەتتىن توختاپ، مۇردىدەك قېتىپ قالدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزىگە ئۆلۈكتەكلا كۆرۈنەتتى.

سەرۋىبانۇ بۇ ھالنى كۆرۈش بىلەن ئالدىراپ چىقىپ، گۈل سۈيى ئېلىپ كىردى - دە، يۈزىگە چاچتى. بىر سائەتتىن كېيىن كۆڭلى روشەنلەشتى، موماي ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ھالىنى سورىدى.

دىلئارا ئۇنىڭغا ئىلتىماسىنى ئېيتتى:

— مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاتامغا دېگىن. ئەگەر مەسئۇد قېشىمدا تىرىك بولغان بولسا، يېنىمدا يىرىك تىكەن بولسىمۇ مەيلى. زەھەرلىك نەرسىلەرنى يېيىشكە، ئاغۇ ئىچىشكە

تەييارمەن، زامان بېشىمغا يۈزمىڭ بالا سالسا ئۇنىڭغىمۇ تەييارمەن. ئۆمرۈم كىچە ـ كۈندۈز مۇشۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتسە، بۇنى مەن جانغا راھەت دەپ بىلىمەن، بۇنىڭ ماڭا ھېچقانداق ئېغىرچىلىقى يوق. ئەگەر جاھانغا مىڭ يىل پادشاھ بولسام، ئاشىقىم يېنىمدا بولمىسا، بۇنداق پادىشاھلىقنىڭ نېمە كېرىكى!

سەرۋىبانۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىدىن چىقتى ـ دە، دىلئارانىڭ ئاتىسىغا ھەممە گەپنى دېدى، ئۇنىڭ بالىسىغا كۆپ ئىچى ئاغرىدى.

شەھبال پەرىلەرگە قاتتىق بۇيرۇق قىلىپ، قۇرۇقلۇق ۋە دەريانىڭ ھەممە پەرىلىرى يىغىلسۇن، دېدى.

تۆت يۈز مىڭ پەرى تەييار بولۇپ، قۇلزەم دەرياسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ بىر توپ پەرىلەر قۇلزەمگە يېتىپ باردى، بۇ لەشكەرلەر ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى. شاھ پەرىمۇ چىقىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى، بۇلار بىر ـ بىرىنى مەيدانغا چۇشۇشكە تەلەپ قىلىشتى. شاھ پەرى لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ توپىلانغانلار شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، شاھ پەرى توكۇر چۇمۇلە ھالىغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، جەڭ قىلىشنى قويۇپ، قېچىشقا باشلىدى، ئاخىرىدا ئۆزىنى قۇلزەم دەرياسىغا تاشلىدى. شەھبالنىڭ قوشۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ، دۈشمەنىنىڭ نۇرغۇن لەشكىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بۇ قوشۇن ئۈزلۈكسىز قوغلاپ

بېرىپ، قۇلزەمنىڭ شاھىنىمۇ ئەسىرگە ئالدى. ئاندىن ئۇدۇل شەھبالنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، شاھ پەرىنىڭ يۈزى زەپەردەك سارغىيىپ كەتتى. تېنى شامالدا قالغان چۈشىقتەك تىترەيتتى، بېشى پەلەك چاقىدەك ئايلانغاندى.

پادىشاھ شەھبال ئۇنى ئەيىبلىدى:

— ئەي ئەقىلسىز، بۇ ئىشلارنى قىلىشقا سېنىڭ نېمە ھەددىڭ بار؟

ئۇ دېدى:

— مېنى نېمە قىلساڭ قىل، لېكىن ئۇنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

شەھبال شاھ قاتتىق تەلەپ قىلدى:

— مەسئۇدنى تاپ! تاپمايدىغان بولساڭ تۈمەن مىڭ ئازاب كۆرسەن.

شاھ پەرى دېدى:

— ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يالغان، تۇپراقتا كۆمۈلگەنلىكىمۇ راست ئەمەس. ئۇنى زىندانغا سالغاندىم، بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، خەۋەر ئالغىنىم يوق. پۇتۇمدىكى كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلاڭ، ئۇنى كەلتۈرۈشكە تىرىشاي. مەن بىلەن بىللە بېرىشقا بىرقانچە پەرىنى قوشۇپ بېرىڭ، ئەگەر تاپالمىسام مېنى يەنە قايتۇرۇپ كېلىڭ.

شەھبال:

— ئۇنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىڭلار، بۇيرۇقۇمنى دەرھال

بەجا كەلتۈرسۇن، ــ دېدى.

ئۇنى بوشاتقاندىن كېيىن يولغا چۈشۈپ، پەرىلەرنى زىندانغا باشلاپ باردى.

زىنداننىڭ ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىپ تاشلاپ ئىچكىرىگە كىرىشتى، بىر پەرى مەسئۇدنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇدۇل شەھبالنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى، شەھبال مەسئۇدنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مېھرىبان بولۇپ قالدى. شاھ پەرىگە يەنە شەپقەت قىلدى، قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت بەردى.

ــ خەلقىڭ بىلەن ماكانىڭغا يان، ھۆكۈمران بولۇپ، تەختىڭدە ئولتۇر! ــ دېدى شەھبال.

شاھ پەرى ئورنىدىن قوپۇپ كەمتەرلىك بىلەن تەزىم قىلدى ـ دە، ھەممە تاۋابىئاتلىرى بىلەن يۇرتىغا يېنىپ كەتتى.

ئەي ساقىي، ماڭا قەدەھ بىلەن مەي تۇت، مەيدىن نۇرغۇن ھاجىتىم راۋا بولسۇن. مەيىن شامالدىن دىلبەرنىڭ بۇيىنى سېزەي، ۋەتەننىڭ ئېسىل گۈللىرىدىن خۇش پۇراق تاپاي.

**شەھبال پەرى مەسئۇدنى شاھى پەرىنىڭ زىندانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئېرەمباغقا ئېلىپ كېلىپ، بەش مەسلە ئۈستىدە سوئال سورىغانلىقى، شاھزادە ھەربىر سوئالغا توغرا جاۋاب بەرگەندە، شەھبالنىڭ قىزى دىلئارانى مەسئۇدقا نىكاھ قىلىپ بەرگەنلىكى ۋە پەرىزات لەشكىرى بىلەن ئاتىسى پادىشاھ مىرزەبان قېشىغا ئەۋەتكەنلىكى**

نەقىل قىلغۇچى شوخ، جۇشقۇن قەلەم تەۋرىتىپ، پىكىر لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ.

شەھبال كۆڭلىدە مۇنداق گەپ تۈزدى:

— مەن بۇ ئىنساندىن بەش ئىش ئۈستىدە سوئال سوراي، ئەگەر سۆزۈمگە بىر - بىر جاۋاب بەرسە، قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ئالدىراي.

شەھبال سورىدى:

— ئىنسانغا قانداق ئىش يېقىن؟

— ئۆلۈم ھەممىدىن يېقىن، — دېدى مەسئۇد.

شەھبال سورىدى:

— دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟

مەسئۇد جاۋاب بەردى:

— ئىشق - مۇھەببەت.

شەھبال سورىدى:

— جاھاندا نېمە سان - ساناقسىز؟

مەسئۇد دېدى:

— زېمىندىكى بار نەرسىدىن ئۆلۈك كۆپ.

شەھبال دېدى:

— دۇنيادا خوتۇن كۆپمۇ ياكى ئەر كىشى كۆپمۇ؟

— خوتۇن كىشى كۆپ، — دەپ جاۋاب بەردى دەردمەن شاھزادە.

شەھبال دېدى:

— سۆزۈڭنىڭ دەلىلى نېمە؟ سۆز سۆزلىسەڭ دەلىلسىز گەپ قىلما.

مەسئۇد دېدى:

— ئەر كىشى ئۆزىنى ئەر دەپ ئاتايدۇ، خوتۇن كىشىنىڭ سۆزىنى قىلغان كىشى ئەر ئەمەس.

شەھبال سورىدى:

— قىيامەت قاچان بولىدۇ؟

مەسئۇد دېدى:

— ئۇ كۈننى خۇدا بىلىدۇ. كىشى قىيامەتنى مەلۇم زامانغا خاسلاپ قويسا، بۇنداق ئادەم ئۆزىنى كاپىرلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ.

بۇ جاۋابلار شەھبالغا ياقتى، كۆڭلىدە مۇھەببەت مەيى جۇش ئۇردى. ئۇ ئاپىرىن ئوقۇدى:

— بارىكاللا، مۇرادىڭغا يەت! كۆڭلۈڭدە نېمە ئىش قىلماقچى بولساڭ، ئۇنى ئەلۋەتتە قىل.

شەھبال تەنتەنىلىك يوسۇندا ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىپ، شاھزادە بىلەن سۆھبەت تۈزۈپ، ئۇنى ئېرەمباغقا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ يەردە قىزىنى ئۇنىڭغا جۈپ قىلماقچى.

سەرۋىبانۇ بۇلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئىززەت - ئىكرام يۈزىسىدىن ئالدىغا چىقتى. يەنە نۇرغۇن پەرى تىنچلىق سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى. ئۇلار شان - شەۋكەت بىلەن ئېرەمباغقا كېلىپ چۈشتى، ئاندىن ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆز ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. دىلئارامنىڭ كۆڭلى قاتتىق قايغۇدا ئىدى، جۇدالىق ئىچىدە يىغلاپ ئېغىر چىلىقتا قالغانىدى. ئەمما، مەسئۇدنى كۆرۈش بىلەنلا تېنىگە قايتا جان كىردى، ئۇنىڭدىن ئابىھايات ئىچكەندەك بولدى. شەھبالنىڭ ئۆي ئىچى جامائىتى مەسلىھەت ئۆتكۈزۈپ بىچارە شاھزادىگە بەخت ئاتا قىلدى.

شەھبال دېدى:

— جۇدالىقتا نۇرغۇن مۇشەققەت چېكىپسەن، قارا يۈز پەلەك ساڭا كۆپ ئازابلارنى يەتكۈزۈپتۇ. ئەگەر مەن سۆزۈڭنى قوبۇل قىلمىسام، خۇدا ۋە پەيغەمبەر ھەرگىز مېنى راۋا كۆرمەيدۇ.

شەھبال ئۆز قىزىنى مەسئۇدقا بېرىش ئۈچۈن ئاشۇ سۆزلەرنى

ئېيتتى.

ئۈچ ئايدىن ئارتۇق توي جابدۇقىنى قىلىپ، كۆپ ئىجتىھات بىلەن ئاران تەييار بولدى. ئاندىن زىياپەت باشلىنىپ، قىرىق نەچچە كۈندە تۈگىدى.

شۇنداق قىلىپ دىلئارانى مەسئۇدقا چاتتى، كۆڭۈلدىكى ۋىسال تىلىكى شۇ كېچىسىدىلا قولغا كەلدى. بۇ ئىككىسى بۇ يەردە بىر يىل تۇردى، بۇلارنىڭ جايى ھەر چاغ ئىشرەت بىلەن ئۆتتى.

شەھبال قىزى پەرىزاتنى چىللىدى، كويۇئوغۇلنىمۇ بىللە كەلسۇن دەپ تاپىلىدى.

كويۇئوغلى بىلەن قىزى دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئەدەپلىك بىلەن ياخشى خۇلقىنى ئىپادىلىدى. شەھبال كويۇئوغلىغا قارىتا مۇنۇلارنى دېدى:

— بۇ يوللاردا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كۆردۈڭ، ئىشق كىتابىدىن ساۋاق ئوقۇدۇڭ، خۇداغا شۈكۈر، جانابىي ھەق مۇرادىڭنى بەردى. قاراڭغۇ تۈن كېتىپ ساڭا تاڭ ئاتتى، ئەمما، ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇلۇقتا. پەرزەنتىنىڭ دەرد - ھەسرىتى ئېغىر بىر ئىش، جۇدالىقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش تېخىمۇ ئېغىر.

شاھزادە دېدى:

— سېنىڭ سۆزۈڭ توغرا، ئەمما سەندىن يۈز ئۆرۈش قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

شەھبال بۇ سۆزلەرگە خۇشال بولدى، ئەمما بۇ مىجەزى ياخشى

پادىشاھ كۆلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەنمۇ يېنىپ كېتىشكە رازى ئەمەس، لېكىن ئاتائىغا خۇدادىن قازا كەلسە، ئۇ چاغدا جاھاندىن كۆڭلى داغۇ - ھەسرەت بىلەن كېتىدۇ، تېخى روھمۇ ئۇنىڭدىن ئارام تاپمايدۇ. گەرچە ئىنسانغا بۇ يول يىراق بولسىمۇ، چۆل - باياۋانلىرى، تاغ - داۋانلىرى كۆپ بولسىمۇ، خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلمىسا، مىڭ يىل ۋاقىت ئۆتسىمۇ يېتىپ بارالمايدۇ. ئەمما، شامالدەك تېز يۈرىدىغان پەرىزاتلار ئۇ يەرگە بارماقچى بولسا، يىگىرمە كۈن ياكى بىر ئاي يول يۈرسە، شەھىرىڭىزگە يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن جاي تاپالايدۇ. سىلەر ھازىر بېرىڭلار، ئۇ يەردە ئازغىنە تۇرۇپ، خۇدا خالىسا يەنە كېلىڭلار.

گەپنىڭ قىسقىسى، مەسئۇد شەھبالنىڭ دېگەنلىرىنى جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ يانماققا قارار قىلدى.

شەھبال ھەممە زۆرۈر نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىپ، كۆزلىرىدىن بۇلۇتتەك ياش تۆكتى. ئۇ كۆڭلى غەمكىن ھالدا پەرزەنتىگە قاراپ، بۇ خانزادىسىگە تەسەللى بەردى:

— سەن مېنىڭ روشەن چىرىغىم ئىدىڭ، ئەمما تەقدىرگە ئىلاج تاپالمايمەن. ئەۋەتمەسلىككە ماڭا چارە يوق، مەن تۇغۇل ساڭىمۇ چارە يوق.

دىلئارا كۆزىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

— سەن نېمە دېسەڭ، مەن دېگىنىڭنى قىلىمەن، — دېدى.

شەھبال:

— ھەممە دۆە، پەرىلەر يىغىلسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن يەتتە مىڭ دۆە، پەرى جەم بولۇپ سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇلار شەھبال ئالدىدا ھازىر بولۇپ، گەپ - سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. ئاندىن شەھبال ۋەزىرىگە قاراپ دېدى:

— ھەممە پەرىلەردىن خىللىرىنى تاللاپ، سەپەرگە يەتكۈدەك ئوزۇق ئېلىپ، بۇ كۆيۈئوغلۇمنى مەملىكىتىگە يەتكۈزۈپ قوي. بېرىپ ئاتىسىنىڭ دىدارىغا مۇيەسسەر بولسۇن، كۆڭلى جاراھەت ئانىسى بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن.

ئاندىن تەزىم قىلىپ ۋەزىرى بىلەن خوشلاشتى، ھەممە پەرىلەر بۇ ئىشتىن خۇشال بولدى. ئىككىيلەن كەتمەكچى بولۇپ، مەسئۇد دۆنىڭ بويىنىغا مىندى. بۇ توپلانغانلار سەپەرگە ئاتلاندى، ئاتا - ئانىسىمۇ بۇلار بىلەن بىللە چىقتى.

ئىككى - ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ:

— خوش ئەمىسە، پادىشاھ مىرزەبانغا دۇئا ۋە سالام دەڭلار، — دېدى.

شەھبال ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئېرەمباغقا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن يىغا - زار قىلغىلى تۇردى.

قىزىدىن ئايرىلغانلىقىغا بېشى گاڭگىراپ قالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يىغىسى پەس بولدى.

دىلئارا ۋە مەسئۇد بىلەن بىللە كۆپ پەرىلەر يولغا چىققاندى، بۇلارنىڭ قاتارىدا يەنە بىرنەچچە بەتچىراي دۆلەرمۇ

بار ئىدى. ئۇلار تۆت كۈن يۈرۈپ سەرەندىبكە چۈشتى، بۇ يەردە سابىت ھەددىدىن تاشقىرى سۆيۈندى. مەلىكە ئالدىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە، دىلئارانىڭ قولىنى كۆزىگە سۈرتۈپ كەتتى. ئۇ دېدى:

ــ سېنى سېغىنغان بولسامۇ ئىلاج يوق ئىدى، خۇداغا شۈكۈر، سېنى تاپتىم ــ دە، بېشىمغا تاج قونغاندەك بولدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، سابىت بىلەن بۇ قىزمۇ جۇدالىقتا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ يۈرەتتى. بۇ ئىككىسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولۇپ، ۋىسالغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەشنا ئىدى. مەسئۇد بىلەن دىلئارا سەرەندىب ھۆكۈمرانى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۇھىم ئىشلاردا بىرلىككە كېلىپ، يەتتە كۈن توي ـ بەزمە ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ بىرنەچچە كۈن ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتتى. سابىتقا بۇ قىزنى نىكاھ قىلدى، ۋىسال كوزىسىدىن ئۇنىڭغا شاراب تۇتتى. ئاندىن بۇ يەردىن چىقىپ، بەسىرگە يول ئالدى، بىر ئاي يۈرۈپ شەھەرگە كېلىپ چۈشتى. شەھەر ئىچىگە غۇلغۇلا چۈشتى، خالايىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ كۆرۈشتى.

شاھزادە ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرگەندە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ كەتتى. سابىتمۇ دادىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرۈپ، ھەربىرى بىلەن يىغا ـ زار قىلىپ كۆرۈشتى. دىلئارانى شۇنداق قەدىرلىدىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەھەرنى ئۆزگىچە ياسىۋەتتى.

ئۈچ ئاي بەزمە ـ ئىشرەت ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ بەزمىگە پەرىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇسمۇ، مىسكىنمۇ، بايمۇ، ھەممىسى قاتناشتى. مەرىكە تۈگىگەندىن كېيىن پەرىلەر بىز ئەمدى قايتىپ كەتسەك، دەپ تەلەپ قويۇشتى.

مىرزەبان بۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ رەھمەت ئېيتتى:

— جاھاننىڭ خۇداسى ئەجرىڭلارنى بەرسۇن. سىلەر كۆپ مۇشەققەت تارتىپسىلەر، رازى بولۇڭلار، شەھبالغا مەندىن دۇئاي سالام ئېيتىڭلار.

دىلئارا ئاتىسىغا ھەمدە ئانىسىغا، بەلكى مومىسىغىمۇ خەت يازدى. خەتنى پەرىلەرگە ئامانەت قىلىپ بەردى، خەتتە: «بەسىرگە سالامەت يېتىپ باردۇق» دېيىلگەنىدى. دىلئارا بىرنەچچە پەرىزاتنى، يەنى بۇ يەردە تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن يەتتە - سەككىز پەرىنى ئېلىپ قالدى. قالغان پەرىلەر ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى، بۇلارنىڭ ھالىغا خەلق ھەيران قالدى.

پادىشاھ مىرزەبان خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن مەسئۇدنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلدى. سابىت بولسا مەسئۇدقا ۋەزىر بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا پەرۋاندەك ئايلىنىپ ياردەمچى بولدى. قانچە كۈنلەردىن كېيىن مىرزەبانغا قازا يېتىپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. شاھزادە ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورىغانلىقتىن چوڭ - كىچىك خالايىقنىڭ ھەممىسى شاد ئىدى. ئۇ بەسىرگە يۈز ئەللىك يىل پادىشاھ بولدى، بۇ دەۋر تىنچلىق - ئامانلىقتا ئۆتتى.

دىلئارا بۇ ۋاقىت ئىچىدە مەسئۇدنىڭ رەپىقىسى بولۇپ، ھەرەمخانىدا يۈكسەك ئورۇندا تۇردى. ئۇنىڭ نامى يەتتە ئىقلىمدا

پۇر بولدى، ئۇنىڭدىن ئىككى گۆھەر ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇنىڭ نۇرى جاھانغا جۇلا چاچتى، يىسار بىلەن يەمىن (يەمىن ۋە يىسار — «ئوڭ ۋە سول» مەنىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە ھەممە جاي مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن — ت) خەلقىمۇ بۇ نۇرنى كۆردى.

مەسئۇدمۇ ھەمدۇ سانا بىلەن ئاخىرەت تەييارلىقىنى قىلىپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

دىلئارانىڭ قولىدىن بەخت قۇشى قېچىپ، ئۇنىڭ پىراقىدا بېشىغا توپا چاچتى. كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈلدى، ئۇ بىر ئۆمۈر ئىشق ھېكايىسىنى ئوقۇغانىدى. ئەجەل ئوقى كۆپلەرنى نىشانغا ئالدى، دىلئارا مەسئۇدنىڭ ئورنىدا ئىزباسار بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۇقراپەرۋەر بولغانىدى، ئۇنىڭ دەۋرىدە قاششاق ـ نامراتلار بەختىيار بولدى. لېكىن، ئۇنىڭغىمۇ زامان ۋاپاسىزلىق قىلدى، تەقدىرنىڭ ساقىيسى ئۇنىڭغا ئەجەل زەھىرىنىڭ قەدەھىنى تۇتتى. بۇ زەھەرنى ئىچىش بىلەن تېنى زەھەرلىنىپ، جىنازىغا ئېلىندى ـ دە، قاراڭغۇ ئۆي (لەھەت) ئىچىدە ئولتۇردى.

ئەي ساقىي، كەل، زىيائىغا شاراب تۇت، مۇرادىمىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن. شارابنى ئىچىپ، يەنە سۆز باشلاي، غېرىب ـ بىچارىلەرنى ئۆزۈمگە سىرداش دوست تۇتاي.

**图书在版编目(CIP)数据**

麦苏武德与迪丽阿拉：维吾尔文/努鲁孜·阿洪·孜亚伊著；热合米图拉·加日修改编. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书. 第2辑)
ISBN 978-7-5469-1445-9

Ⅰ.①麦… Ⅱ.①努… ②热… Ⅲ.①散文-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.① I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第035762号

丛 书 名 享受少儿名著丛书 - 2 (5)
书　　名 麦苏武德与迪丽阿拉
策　　划 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者 努鲁孜·阿洪·孜亚伊
编　　写 热合米图拉·加日
责任编辑 买哈巴·铁外库
责任校对 古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对 阿不都热依木·阿不力米提
面设计 努尔买买提·吾买尔
版 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
址 乌鲁木齐市西虹西路36号
编 830000
行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本 880×1230mm 1/32
印　　张 3.375
版　　次 2011年3月第1版
印　　次 2011年3月第1次印刷
书　　号 ISBN 978 - 7 - 5469 - 1445 - 9
总 定 价 106.00元（全10册）

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

## ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

رەۋزەتۇززۆھرە

مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن

رابىيە - سەئىدىن

كىتابى غېرىب

مەسئۇد ۋە دىلئارا

ئەتەبەتۇلھەقايىق

غېرىب - سەنەم

تاھىر - زۆھرە

كەلىلە ۋە دىمنە

ھۆرلىقا - ھەمراجان

8.00

ISBN 978-7-5469-1445-9

总定价：106.00元（全10册）